# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

# JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

1987

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى)



# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ★

1987 - يىل 4 - سان (ئومۇمى 32 - سان)


## مۇندەرىجە


تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئاساسى ................. لىيۇ گۇەنجاڭ 1

ماركسىزمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك رولى ................................ لوجيېخۇەن، ئىسمائىل ئوسمان 18

ئەمگەك كۈچى تاۋار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ................................ ئابلىز ئىمىن، ئۆمەر بەكرى 27

سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى رولى توغرىسىدا ................................ قەيۇم قۇربان 36

«ئوغۇز نامە» داستانىدىكى «ئورۇمخان» ئاتالغۇسى توغرىسىدا ...... ئابدىرېھىم ھېبىم 47

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئېتنوگرافىيە ..................... رەۋەيدۇللا 58

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ...................................... تاشپولات 69

قەدىمكى دۈنخۇاڭ، تۇرپان، كۇچا مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە چەت ئەللىكلەر ................................ تۇرسۇن رەھمىتۇللا 78

ئەرەب پەيلاسوپى فارابى ............................. سەي دېگۈي 81

فارابى ئەرەب پەيلاسوپىمۇ؟ ............................. زارىپ دۆلەتوف 93

يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىمى سەكيا قايا ................. ۋاڭ شياۋجيەن 103

سۈن ھەيدىن ..............................ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 106

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال - تەمسىل ۋە ئوگۇت - نەسىھەتلەر.......................................... 110

ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرى............... ئابلىمىت روزى 123

ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى.......يۈسۈپ ئوربېلى 129

**新疆大学学报**
（哲学社会科学维文版）

1987年第4期
（总第32期）

坚持四项基本原则是全国各族人民团结的共同政治基础……刘冠章
马克思主义在精神文明建设中的指导作用……陆振寰　司马义
试谈劳动力是否为商品……阿不力孜·伊明，吾马尔·巴克里
论法律意识在法制建设中的作用……克优木·库尔班
《乌古孜汗传》中“乌鲁木可汗”一词考……阿不都热依木·伊里木
《突厥语大词典》与民俗学……热外都拉
谈现代维语中的复辅音……塔什·甫拉提
古代敦煌吐鲁番龟兹文化与外国人……吐尔逊·热合木吐拉
阿拉伯哲学家法拉比……蔡德贵
法拉比是阿拉伯哲学家吗？……扎尔甫
元代维吾尔族学者廉惠山海牙……王晓建
斯文赫定……阿不力孜·赛拉米

**مۇشتەرىلەر دىققىتىگە:**

ژۇرنىلىمىز گېزىت-ژۇرناللارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ نەشىر قىلىش بەلگىلىمىرىگە ئۇيغۇن دەپ قارىلىپ، داۋاملىق نەشىر قىلىنىشى ۋە ئاشكارا تارقىتىلىشى تەستىقلاندى. ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى نومۇرى ئەسلىدىكى «321»دىن «CN65-1035/c»گە ئۆزگەردى. ژۇرنىلىمىزنىڭ فورماتى، بەت سانى، نەشىردىن چىقىش ۋاقتى، باھاسى ۋە مۇشتىرى بولۇش رەسمىيەتلىرى بۇرۇنقىدەك بولىۋېرىدۇ. مۇشتىرىلىرىمىزنىڭ ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

# تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئاساسى

ليۇگۇەنجاڭ

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش (سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش) پۈتۈن پارتىيىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئاساسى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئىنكاسى، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتى بىلەن مەملىكىتىمىز ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئورتاق ئارزۇسى.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ياكى چىڭ تۇرماسلىق پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى بەلگىلەيدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش - چىقالماسلىقنى بەلگىلەيدۇ. دېمەك، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان

توپ پرىنسىپ. تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرمىساق، توغرا سىياسىي نىشاندىن چەتلەپ كېتىمىز، بىز تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا بايرىقىمىز روشەن بولغان ھالدا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قەتئىي تەۋرەنمەي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

بىرىنچى، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ بىردىنبىر يولى.

مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمغا ماڭىدۇ. بۇ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئېچىپ بەرگەن ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. خۇددى لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمغا ماڭىدۇ، بۇ مۇقەررەر، لېكىن ھەممە مىللەتلەرنىڭ مېڭىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ، دېموكراتىيىنىڭ ئۇنداق يا بۇنداق تىپلىرى جەھەتتە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى جەھەتلىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ سۈرئىتى جەھەتتە، ھەر بىر مىللەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ» ①. مەملىكىتىمىز ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، مىللىي مەسىلە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، مەملىكىتىمىزنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىشلىرى مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق قوراللىق كۈرەشلەرنى ۋە باشقا شەكىللەردىكى كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە گومىنداڭ كاپىتالىزمىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنى ئۈزۈل - كېسىل بىكار قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تولۇق باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ئىككىنچىلەپ زۇلۇمغا ئۇچرىمايدىغان، خورلانمايدىغان مىللەتكە ئايلاندى. تارىخىي تەجرىبىلەر سوتسىيالىزم مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ كۈرەشلىرىدە، جۇڭگونى باشقا ھەر قانداق مەسلەك ئەمەس، پەقەت سوتسىيالىزمنىڭلا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بۇ — تارىخىي تەجرىبىلەر قايتا - قايتا ئىسپاتلىغان ھەقىقەت.

ماركسىزم شۇنداق ھېسابلايدۇكى، سوتسىيالىزم دەۋرى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش ياكى يوقىلىش دەۋرى ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان دەۋر. يولداش جۇئېنلەي 1957 - يىلى چىڭداۋ مىللىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا: «بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىمىزنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز دەيدىكەنمىز، مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئاساسىدا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم، سوتسىيالىزم شارائىتىدا مىللەتلەرنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ، شۇڭا سوتسىيالىزم كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل كېلىدۇ، فېئودالىزمدىن تېخىمۇ ئەۋزەل كېلىدۇ»، «بىز مىللەتلەرنىڭ باپ - باراۋەر بولۇشىنىمۇ، ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىز سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تۈپ مەيدانى»②. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن تۈپ پرىنسىپى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى قىلىشتىكى مۇھىم تەجرىبىسى. بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزۈشىمىزدىكى تۈپ مەقسەت مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى ئىزچىل تۇردە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ ۋەزىپە قىلىپ كەلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا يارەم بېرىپ، تىرىشىپ يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىپ راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئەتى.

مەملىكىتىمىزدە، سوتسىيالىزم دەۋرىدە، بولۇپمۇ دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك يوقىتىلىپ، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئورنىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىدى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-

سىۋەت يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، ئەسلىدىكى سىنىپىي قارىمۇ - قارشىلىق مۇناسىۋىتى تۈپ مەنپەئەت بىردەك بولۇش ئاساسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەتكە ئايلاندى. مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئاساسىي جەھەتتىن ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بولدى. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كەينى - كەينىدىن سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىپ بولدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭى مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى»③. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتى كونا مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش ئاساسىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان، تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئەڭ ئىلغار، ئەڭ يېڭى بولغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. شۇڭا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تىنىچ، ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە ھەرقايسى خىزمەتلەرنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش چەت ئەلگە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن مەملىكەت ئىچىگە، يەنى قېرىنداش مىللەت رايونلىرىغا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشى، بولۇپمۇ ئىلغار مىللەتلەر ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن «خەنزۇلار رايونىنىڭ ئاھالىسى كۆپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئىلغار بولۇشتەك شارائىتىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى ئومۇمىي يۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا چوقۇم ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ستراتېگىيىلىك مەسىلە، شۇنداقلا جۇڭگودا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ ۋەزىپىدۇر». شۇڭا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئالاقىسىنىڭ تېخىمۇ قو -

يۇقىلىشى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشى مۇقەررەر ھادىسە، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئەھۋال. لېكىن بەزىلەر: «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى خەنزۇلارنىڭ ياردىمىسىزمۇ تەرەققىي قىلالايدۇ، ھەتتا تېزراق تەرەققىي قىلالايدۇ»، «ھەر خىل كىشىلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قارشى تۇرۇش كېرەك» دېيىشمەكتە، بۇ ئوچۇقلا خاتا. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى، شۇنداقلا شىنجاڭنى ئېچىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تارىخىي پاكىتلار بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدىكەن، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقىنى چىڭىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، شۇڭا، سوتسىيالىزم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئۈچۈنلا ئاساس يارىتىپ قالماي، بەلكى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بەرپا قىلغان كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنى خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئورتاق ئاچقان، ۋەتىنىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئورتاق بەرپا قىلىش جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان. تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىي تۈزۈم قىلىنغانلىقى بىردىن - بىر توغرا ئىش بولغان. بىر پۈتۈن دۆلەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغاندىلا، ئاندىن چەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق

ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن.

بىزنىڭ ھاكىمىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى، يەنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى، دىكتاتۇرىسى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن خەلققە قارىتا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارىتا دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدۇ. دېموكراتىيە بىلەن دىكتاتۇرا دىئالېكتىكىلىق بىرلىك مۇناسىۋىتىدۇر. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقى بىلەن ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغىغىلى، زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتنى بىرلىكتە قۇرۇپ چىققىلى، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قەتئىي زەربە بەرگەندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تولۇق باراۋەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلغان، ھەرمىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ ئىگىسى، ھەممىسى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋىتىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈشىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ پرىنسىپلىق روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. ھازىرغىچە، مەملىكىتىمىزدە 136 ئاپتونومىيىلىك جاي بار بولۇپ، ئۇلار بەش ئاپتونوم رايون، 31 ئاپتونوم ئوبلاست، 100 ئاپتونومىيىلىك ناھىيە (خوشۇن) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا: ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆتەڭگۈچىلەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولۇشى كېرەك؛ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغىمۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتنىشتۇرۇلدى، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا بىزنىڭ شىنجاڭدىن 57 نەپەر ۋەكىل قاتناشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 35 نەپەر بولۇپ، 69،9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 1984 - يىللىق سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 69.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان؛ ۋالىلار، ئوبلاست باشلىقلىرى ۋە شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە ئالغان؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 69.16 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزۈمى شارائىتىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىغا پائال قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندى. لېكىن بەزىلەر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئىنكار قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش مەقسىتىدە پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇلمىدى، دەپ جۆيلىمەكتە، بۇ ئىنتايىن خاتا.

خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مىللىي رايونلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم نۇقتىدۇر. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئايرىلماس مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ مىللىي رايونلاردىكى كونكرېت تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ خاراكتېرىگە ۋە رولىغا ئىگە. مىللىي رايونلۇق ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىن مەقسەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان بارلىق سىنىپىي دۈشمەنلەرگە كۈچلۈك دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تىرىشىپ ياخشى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ھەم ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولغان ئادەتتىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، ھەم ئاپتو-

نومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئۆز رايونىدا ئىجرا قىلىنىشى ۋە رىئايە قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، قانۇن بويىچە ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئالاھىدە ۋە جانلىق سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ھوقۇقلۇق. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ۋە مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان يېڭى تۆھپە، ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلىپ، سىنىپىي كۈرەش مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئاساسىي جەھەتتىن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بولدى. لېكىن بۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە بەزىدە مىللىي مەسىلىدە ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ. شۇڭا، بىز مىللىي مەسىلە بىلەن سىنىپىي مەسىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مىللىي مەسىلە بىلەن سىنىپىي مەسىلىنىڭ مەلۇم باغلىنىشى بارلىقىنى كۆرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىي مەسىلە بىلەن سىنىپىي مەسىلىنىڭ پەرقى بارلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم؛ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى سىنىپىي جەمئىيەتتىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىدىن پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم؛ تارىختىكى تولۇق مەنىدىكى سىنىپىي كۈرەشنى سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكى قالدۇق ھالەتتىكى سىنىپىي كۈرەش بىلەن پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. شۇڭا بىز مىللىي مەسىلىدە سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە، سىنىپىي كۈرەش يوقالدى دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرگىمۇ قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. بىز مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سېلىشىدىن، مىللىي ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

بىز مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرماقتىمىز. يۈكسەك سوتسىيا-

لىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش بىزنىڭ تۈپ نىشانىمىز ۋە ۋەزىپىمىزنىڭ بىرى. شىنجاڭدا يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىشتىكى ئالدىنقى ۋەزىپە مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرگىلى، قانۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردە، پارتىيىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش ۋەزىپىسى بىلەن مىللىي خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

ئۈچىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ يادروسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى. سوتسىيالىزم يولىدا ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئىشىنى پەقەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندىلا ئاندىن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، مىللىي مەسىلىگە ئىزچىل تولدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى جۇڭگو ئىنقىلابى ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى قىلىپ كەلدى. تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، ئىلگىرى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەن، جاھانگىرلىك تەرىپىدىن بۇلۇڭچە ئاياق - ئاستى قىلىنغان دۆلىتىمىزنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈش، بالايى - ئاپەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى؛ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، فېئودالىزم ۋە بىيوكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سىنىپىي زۇ-

لۇم ۋە مىللىي زۇلۇمنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر-
لىكى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بول-
مىغان بولاتتى؛ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، ئۆتمۈشتە ئۇزاق مۇددەت
ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇرۇپ ئېزىلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىغا ۋە
ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشىغا ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ تولۇق قاتناش-
تۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى؛ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، قۇللۇق
تۈزۈم، يانچىلىق تۈزۈم، فېئودالىق تۈزۈم شارائىتىدا، ھەتتا ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈ-
مىنىڭ قالدۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە
دېموكراتىك ئىنقىلاب بىلەن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشىنى تاماملاپ، بىر ياكى
بىر قانچە ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن بىۋاستە ھالدا سوتسىيالىستىك جەمئى-
يەتكە ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئوخشاشلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك ئاساسەن سىياسىي رەھبەرلىك-
تە، لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەت رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك. جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش
ئىشلىرىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۆرەشلەرگە رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، ماركسىزم -
لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەش -
تۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق كۆرەشلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي ھالدا
يەكۈنلەپ، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى چوڭ-
قۇر شەرھىلىدى. ھەمدە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدىكى
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ۋە باشقا تۈرلۈك مىللىي سىياسەتلەرنى
تۈزۈپ، جۇڭگوچە مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەتلەرنى بەرپا قىلىپ،
مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنى-
زملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى قىبلە-
نامە قىلغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ مەنپەئىتىنىڭ ئەڭ سادىق ۋەكىلى. پارتىيىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى پۈتۈن مەملىكەت-
تىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن تامامەن بىر بولۇپ، بۇنى پارتى-
يىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. پارتىيىنىڭ مەقسىتى پەقەت مەلۇم بىر مىللەتنىڭلا
مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-
دىلى بىلەن خىزمەت قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى ھەممىدىن
ئەلا بىلىشتىن ئىبارەت. خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك: «ئىنتېرناتسىئونالىزمچى سوتسىيال
دېموكراتلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىلا كۆزدە تۇتۇپ قالماي، بەلكى بارلىق

مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى، ئومۇمىي يۈزلۈك ئەركىنلىكى ۋە تىنچلىقى قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشىدىن ئەلا بىلىشى كېرەك» ④. شۇڭا، ھەربىر كوممۇنىست، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆز مىللىتى خەلقى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۆز مىللىتىنىڭلا مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دەپ قاراپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلمىسا، ھەتتا ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈستىگە قويسا، بۇ، ماركسىزم - لېنىنىزم پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىق، ئوچۇقتىن - ئوچۇق خاتا قىلغانلىق بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىلەت خەلقى ئىتتىپاقلىقىنىڭ يادروسى. بىزنىڭ پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئىزچىل رىئايە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئەزەلدىن ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى دەپ قاراپ كەلدى. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق كۆرسەتكەن: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» ⑤. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتۇر. پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچەيسە، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، بۇ يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھەم بىزنىڭ ناھايىتى زور سىياسىي ۋەزىپىمىز.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىيىتىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ دېگەن ئاساسىي خۇلاسىنى چىقاردى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى ۋە گۈللەپ ياشىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

تۆتىنچى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ھەر مىللەت ئىتتىپاقلىقىنىڭ غەلىبە بايرىقى.

ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى ئىنقىلابىي تەلىمات، بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەلىبە بايرىقى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ.

ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا ئېچىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دائىر ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مىللىي مەسىلىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى باش ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ دېگەن «ئىككى ئايرىلالماسلىق» نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، شۇنداقلا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىدە چىڭ تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن تۈپ پرىنسىپى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىش ھەمدە سوتسىيالىزم شارائىتىدا مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، مىللىي ھەمكارلىقنى ياخشى يولغا قويۇش ۋە مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئىشىنى دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن باغلاش، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش بىلەن باغلاش، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن باغلاش ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىدىكى يېڭى تەرەققىيات مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت يېڭى تىپتىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسەن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ۋەتەنىمىزنىڭ بىرلىكىگە، تىنچ - ئىتتىپاق بولۇش ئىشىغا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە مۇناسىۋەتلىك ستراتېگىيىلىك مەسىلە. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر توغرا بولغان ئاساسىي سىياسىتى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈر-

گۆزۈشىگە قانۇنىي شەكىل بىلەن كاپالەتلىك قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەش، ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش-
قا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا
قىلىش بىلەن بىللە، يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا
قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىي باراۋەرسىز-
لىكنى تۈگىتىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم-
لىقىنى تەكىتلەش سوتسىيالىستىك يېڭى تارىخىي دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ مەركى-
زىي ۋەزىپىسى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ، ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ كەسپىي ۋە تېخنىك خادىملىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، ھەرمىللەت
خەلقلىرىنىڭ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.
دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلىدىكى خىزمەتلىرىنىڭ تارىخىي
تەجرىبىلىرى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىن سىستېمىلىق يەكۈنلەندى، پارتىيىنىڭ
سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلىگە دائىر ئاساسىي سىياسەتلىرى، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش توغرىسىدىكى سىياسەتلىرى، ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدىكى سىياسەتلىرى،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرىغا قوللىنىلغان بىرلىك سەپ سىياسىتى
ۋە باشقا سىياسەتلىرى شەرھىلەندى، جۇڭگوچە مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت
بەرپا قىلىش تەكىتلەندى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت
نەزەرىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئۇلۇغ غەلىبىسى بولۇپ، ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزملىق
مىللەت نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرغاندا، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش غەلىبە قىلدى، راۋاجلاندى؛
ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلغاندا، ئىنقىلاب ۋە
قۇرۇلۇش ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، مەغلۇپ بولدى. لېكىن، بەزىلەر ماركسىزم - لېنىنىزمە-
نىڭ «ۋاقتى ئۆتتى» دەپ ھۇجۇم قىلىپ، «جۇڭگودا نۆۋەتتىكى مەسىلىلەرنى ماركسىزم-
غا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ جۆيلۈپ، ماركسىزمنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ
ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بولغان يېتەكچىلىك ئورنىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇن-
ماقتا. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ.

ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق مەملىكىتى-
مىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا
مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. بىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇ-
رۇپ، ئۇنى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كوممۇنىزمغا قاراپ غەلىبىسىرى

ئىلگىرىلىشىگە مەڭگۈ يېتەكچى قىلىشىمىز لازىم.

بىز كوممۇنىستلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي جەھەتتە ئاڭلىق ھالدا مەركەز بىلەن بىرلىكنى ساقلىشىمىز لازىم. بۇ يالغۇز سىياسىي ئىنتىزام مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى تەشكىلىي ئىنتىزام مەسىلىسى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئەتىنى قوغدىشىمىز، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكنى ساقلىماي، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ھەر خىل ئىپادىلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

مىللىي ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ چوڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا ئىككى خىل مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى تۈگىتىشىمىز لازىم.

بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىنىڭ ماھىيىتى ۋە زىيىنىنى تولۇق تونۇشىمىز لازىم، لېنىن: «پرولېتارلار مىللەتچىلىكىنىڭ ھەر قانداقلىغا ئۆچ» دەپ كۆرسەتكەن.⑥ مىللەتچىلىك بۇرژۇئا مىللىي نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يادروسى. مىللىي تەڭسىزلىك نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، «مىللەت ئەلا» دېگەن نېمىنى تەرغىب قىلىش، ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئاساسىي ئىپادىسى. ئۇنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ماھىيىتى بەلگىلىگەن. بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئىپادىسى چوڭ مىللەتچىلىك بىلەن يەرلىك مىللەتچىلىكتىن ئىبارەت. چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسەن چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى. چوڭ مىللەتچىلىك بىلەن يەرلىك مىللەتچىلىك سىنىپىي مەنبەسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ئىدىيىسىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتتىكى ئىنكاسى بولۇپ، ھەممىسى مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە مىللىي ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قارايدۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە ياشاۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلمايدۇ. مەيلى چوڭ مىللەتچىلىك بولسۇن ياكى يەرلىك مىللەتچىلىك بولسۇن، ھەممىسى مىللىي ئىتتىپاقلىققا ۋە سوتسىيالىستىك زامانى-

ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىسىز، ئۆز مىللىتىنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشىغىمۇ پايدىسىز. 1957-يىلى يولداش جۇ ئېنلەي چىڭداۋ مىللىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇ ئىككى خىل خاتا پوزىتسىيە، ئىككى خىل خاتا خاھىشنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىۋېرىشىگە يول قويۇلسا، بۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق، ھەتتا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدۇ»⑦. شۇڭا، بۇ ئىككى خىل مىللەتچىلىك ئىنتايىن زىيانلىق ئىدىيە بولۇپ، ئۇ مەملىكەتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ.

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش لازىم. خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك: «ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەھلىل قىلغاندا، ماركسىزملىق نەزەرىيىنىڭ مۇتلەق تەلىپى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ مەسىلىنى مۇئەييەن تارىخىي دائىرە ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت، مەسىلەن، مەلۇم بىر دۆلەت ئۈستىدە توختالغاندا (مەسىلەن، بۇ دۆلەتنىڭ مىللىي پروگراممىسى ئۈستىدە توختالغاندا)، ئۇ دۆلەتنىڭ ئوخشاش بىر تارىخىي دەۋردە باشقا دۆلەتلەردىن پەرقلىنىدىغان كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەرگە ئېلىش لازىم»⑧. بۇ سۆز بىزگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، مىللىي مەسىلىنى تەھلىل قىلىشتا ۋە ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز لازىم، بۇ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ جېنى. ئىككى خىل مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش ۋە چوڭ خەنزۇچىلىقنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت، شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن يەرلىك مىللەتچىلىكنى تۈگەتكىلى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. لېكىن كونكرېت ۋاقىت، ئورۇن ۋە شارائىتتا قايسى مىللەتچىلىكنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. قانداق مىللەتچىلىك باش كۆتەرسە، شۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىمىز، چوڭ خەنزۇچىلىق بولسا، چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇشىمىز، يەرلىك مىللەتچىلىك بولسا، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەيلى چوڭ خەنزۇچىلىق بولسۇن ياكى يەرلىك مىللەتچىلىك بولسۇن، ھەر ئىككىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن پايدىسىز، بۇ — خەلق ئىچىدىكى تۈگىتىشكە تېگىشلىك بىر خىل زىددىيەت»⑨. ئىككى خىل مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا، ئۇنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىپ، تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم، دىكتاتورا ئۇسۇلىنى، يەنى

زورلۇق ئۇسۇلىنى قوللانماي، دېموكراتىيە ئۇسۇلىنى، يەنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش،
تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى، تەنقىد، ئۆز ئۆزىنى تەنقىد ئۇسۇلىنى، راۋانلاشتۇرۇش ئۇسۇ-
لىنى قوللىنىش لازىم. مىللىي ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، تەنقىد ۋە كۆ-
رەش ئارقىلىق، يېڭى ئاساستا يېڭى ئىتتىپاقلىققا ئېرىشىش لازىم، مۇشۇ يېڭى ئاساس
مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك
سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئورۇنلۇق بولغان مىللىي
ھېسسىياتنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم. ئۆز مىللىتىنىڭ ئورۇنلۇق مەنپەئەتىگە
ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆز مىللىتى ئاممىسىنىڭ پىكىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن مىللەت-
چىلىكنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئاددىلا ھالدا، تەھلىل يۈر-
گۈزمەيلا، پۈتۈن مىللەتتىن گۇمانلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك كەيپىياتىنى پەيدا
قىلماسلىق كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، مىللىي ئىتتىپاقلىققا ئېرىشىش مەقسىتىگە يەتكىلى
بولمايدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى
قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانۇن بويىچە جازالاش لازىم. قانۇن
ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، ھەر قانداق مىللەت ئۆز مىللىتىدىن چىققان جىنايەت-
چىلەرگە چاپان ياپماسلىقى، بەلكى بۇ جىنايەتچىلەرگە قارشى ئاكتىپ كۈرەش قىلىشى
لازىم.

سوتسىيالىستىك دۆلەتتە، مىللەتچىلىكنىڭ ھەر قانداقتى زىيانلىق. پرولېتارىيات
ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان سوتسىيالىستىك دۆلەتتە، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ
ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ،
ھەر مىللەت خەلقى سىياسىي جەھەتتە، قانۇن جەھەتتە، تولۇق باراۋەرلىككە ئېرىشىپ،
دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزدىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا
باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مىللىي
مۇناسىۋەت شەكىللەندى. شۇڭا، سوتسىيالىزم دەۋرىدە ھەرقانداق شەكىلدىكى بورژۇئا
مىللەتچىلىكى چوڭ مىللەتچىلىك (ئاساسەن چوڭ خەنزۇچىلىق) ياكى يەرلىك مىللەتچى-
لىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى زىيانلىق، تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى،
چوڭ خەنزۇچىلىق ئۇچىغا چىقسا مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي ئىزدىش ئەھۋالىنى پەيدا
قىلىپ، يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. يەرلىك مىللەتچىلىك ئۇچىغا
چىقسا، مىللىي بۆلۈنۈش پەيدا قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزىدۇ. مەيلى چوڭ
خەنزۇچىلىق بولسۇن ياكى يەرلىك مىللەتچىلىك بولسۇن، ھەممىسى مەملىكەتنىڭ
ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ، مىللىي مۇناسىۋەتلەرگە بۇز-
غۇنچىلىق قىلىش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئىشى
بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىز بۇنىڭدىن يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشىمىز لازىم.

ئىككى خىل مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش بىزنىڭ ئىدىيىۋى سېپىمىزدىكى ئۇ-
زاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە مىللىي مەسىلە يەنىلا مەۋجۇت بو-

لۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىللىي تارىخ، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي روھىي ھالەت قاتارلىق جەھەتلەردە پەرقلەر بولىدۇ. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئەمەلىي باراۋەرسىزلىك يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق «ئەمەلىي باراۋەرسىزلىك يەنىلا بارلىق نارازىلىق ۋە سۈركىلىشلەرنىڭ مەنبەسى» بولۇپ تۇرىدۇ. مەملىكەت ئىچىدىكى ئامىللار ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، سىنىپىي كۈرەش خېلى ئۇزاققىچە مەلۇم دائىرىدە يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە مۇقەررەر ھالدا مىللىي مەسىلىدە ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىمۇ يا ئۇنداق، يا بۇنداق خاراكتېردىكى مىللىي مەسىلە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلە خېلى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال ئىدېئولوگىيە جەھەتتە پرولېتارىيات مىللەت نۇقتىئىنەزەرى بىلەن بۇرژۇئا مىللەت نۇقتىئىنەزەرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش خېلى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزم دەۋرىدە، ئىككى خىل مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىدىيەۋى سەپتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسى.

ھازىر، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق تارىختىكى ئەڭ ياخشى دەۋردە تۇرماقتا. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىياتىنىڭ چوڭ يۆزلىنىشىدۇر. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ناھايىتى تەسلىكتە قولغا كەلگەن بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

قەيۇم قۇربان تەرجىمىسى.

---

ئىزاھلار: ① لېنىن: «ماركسىزمغا بولغان مەسخىرە ۋە جاھانگىرلارنىڭ ئىقتىسادىۋازلىقى»، «لېنىن ئەسەرلىرى»، 23 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 64 - 65 - بەتلەر.

② ⑦ جۇئېنلەي: «بىزنىڭ مىللىي سىياسىتىمىزگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «جۇئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 261 -، 263 - 248 - بەتلەر.

③ دېڭ شياۋپىڭ: «يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپ ۋە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ۋەزىپىسى»، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 295 - بەت.

④ لېنىن: «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى توغرىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ يەكۈنى»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 866 - بەت.

⑤ ⑨ ماۋزېدۇڭ: «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 - توم، 668 - 710 - بەتلەر.

⑥ ⑧ «لېنىن: «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى توغرىسىدا»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى 522 -، 512 - بەتلەر.

# ماركسىزمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك رولى

لوجېڭخۇەن، ئىسمايىل ئوسمان

مەدەنىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى ۋە ئىلغارلىق ھالىتىنى، شۇنداقلا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ياراتقان ماددىي بايلىقى بىلەن مەنىۋى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ماددىي مەدەنىيەت ئىنسانلار ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئىلغارلىق ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئاساسەن ئەمگەك قورالى ۋە تېخنىكىنىڭ ئىلغارلىقى، جەمئىيەت ماددىي بايلىقىنىڭ ئېشىشى، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت ئىنسانلار مەنىۋى تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئىلغارلىق ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ، ئاساسەن مۇنداق ئىككى تەرەپتە، بىرى، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى، تەرەققىيات سەۋىيىسىدە، يەنە بىرى، جەمئىيەتنىڭ سىياسى، ئىدىيە، ئەخلاق-پەزىلەت قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتكە ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتى مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلار تارىخىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، بۇرۇنقى ھەرقانداق تارىخىي باسقۇچتىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي، مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدىغان، تېخىمۇ يۇقىرى تىپتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت. ئۇ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىغا ئورنىتىلغان، سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بولۇپ، ئۆزىگە كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يادرو، ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ باشقا ھەرقانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق ئىجتىمائىي مەنىۋى مەدەنىيەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ماھى-

يەتلىك بەلگىسى.

مەلۇمكى، بىر دەۋر، بىر جەمئىيەت ھامان بىر خىل ھۆكۈمران ئىدىيىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇ، شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەتنىڭ روھىي يۆلەنچىكى ۋە سىمۋولى. ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ ھۆكۈمران ئىدىيىسى باشتىن - ئاخىر شۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىدىيىسى. دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ، پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئېلىمىزدە ھۆكۈمران ئىدىيە، كوممۇنىزم - پرولېتارىياتنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسى، بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىشتا ئەمەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك يېتەكچى پرىنسىپ ۋە ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇنداق بولغاچقا، ماركسىزم پۈتكۈل سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم يېتەكچى رول ئوينايدۇ.

ماركسىزم ئىنسانلار تارىخىدىكى بارلىق مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار نەتىجىلىرىگە تەنقىدىي ئاساستا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتى، تەبىئەت دۇنياسى ۋە تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزمنىڭ پۈتۈن دۇنيادا ئىشقا ئېشىشىدىكى ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى ئىلمىي ئاساستا چوڭقۇر شەرھلەپ، پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقلەرگە ئۈزۈل - كېسىل ئازاد بولۇشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ماركسىزم تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنىڭ توغرا نەزەرىيىۋى يەكۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى رول ئوينايدۇ ۋە ئۇنىڭغا نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بېرىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلمىي دۇنيا قارىشى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى بولغان ماركسىزمنى ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە ۋە يۆلەنچە قىلىشى ھەمدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق قاتارلىق ئىدېئولوگىيە تەرەپلىرىنىمۇ ماركسىزم بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشى لازىم. ماركسىزم بولمايدىكەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بولمايدۇ. پەقەت ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغاندىلا، ئاندىن يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

× × ×

ماركسىزم: ئىنسانلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككىگە

بۆلۈندى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش .. ماددىي مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىدۇ؛ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش - مەنىۋى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىدۇ؛ مەيلى ماددىي مەدەنىيەت بولسۇن ياكى مەنىۋى مەدەنىيەت بولسۇن، ھەر ئىككىسىلا كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق يارالغان، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇرۇنلا «مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ»، بۇ پرىنسىپ «تەپەككۇرنىڭ تارىخى»① بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلەيدۇ دېگەنلىك، چۈنكى ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئارقىلىق ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، سىياسىي، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت قاتارلىق مەنىۋى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارالايدۇ. ماددىي مەدەنىيەت راۋاجلانغاندا، ئۆزىنىڭ راۋاجلىنىش سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا غايەت زور تۈرتكە بولۇش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ توغرا نىشان بويىچە راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، بىرىنچى، ھەرقانداق دەۋرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى شۇ دەۋرنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلغان بولىدۇ. ئىككىنچى، ماددىي مەدەنىيەتنى پەيدا قىلغان ئەمەلىي پائالىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. ئۈچىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىكى بولۇپ، ئۇ ماددىي مەدەنىيەتكە ئىنتايىن زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە بىر - بىرىگە بېقىنىدۇ. شۇڭا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغاندا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سەل قاراش خاتا، مەنىۋى مەدەنىيەت بولمىسا سوتسىيالىزم قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ماددىي مەدەنىيەت راۋاجلانغان بىلەنمۇ قىڭغىر يولغا كىرىپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەپ، خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە بىر قولىمىزدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشىمىز، يەنە بىر قولىمىزدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشىمىز لازىم دەپ

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 1- توم 270- بەت.

كۆرسەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 12- قۇرۇلتىيى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈل سوتسىيالىزمنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانى ۋە ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ قاراشنى، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن، يۈكسەك سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشنى ۋە ئۇنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلىش لازىملىقىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ ستراتېگىيىلىك فاڭجېن ۋە ھەل قىلغۇچ تەدبىر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئېچىپ بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ئىدىيە، نەزەرىيىۋى ئاساس ھازىرلاپ بەردى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى» دا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچىيىشى ياكى ئاجىزلىشىپ كېتىشى سوتسىيالىزمنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ياكى خارابلىشىپ كېتىشىگە، غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش دەپ كۆرسەتتى.

ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت — سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى، سوتسىيالىزم دەۋرىدە ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ماددىي شارائىت ۋە ئەمەلىي تەجرىبە يارىتىپ بېرىدۇ؛ مەنىۋى مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئەقلىي مەدەتكە، ئۇنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر-بىرىنى مەقسەت قىلىدۇ. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، مەنىۋى مەدەنىيەت — پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە ئوخشاشلا، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان سىياسىي تۈزۈمى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. خۇددى ماركس كۆرسەتكەندەك: ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇئەييەن ئۇسۇلى: بىرىنچى، بەلگىلىك جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى، ئىككىنچى، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇئەييەن مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دۆلەت تۈزۈمى ۋە كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىمۇ بۇ ئىككىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، شۇڭ-

لاشقا، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ بۇ ئىككىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.»①

مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شۇنىڭغا
مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىشلەپچىقىرىش
مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن ھەمدە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭغا
ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسىي تۈزۈمنىڭ ۋاسىتىلىق رولى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھازىرقى
تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر پەن - تېخنىكا ۋە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش
جەھەتتە نىسبەتەن يۇقىرى ماددىي مەنپەئەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى قالاق
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، چىرىك ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقار-
غان ۋاسىتىلىق رول تۈپەيلىدىن مەنىۋى مەدەنىيەت توختاپ قالغان ياكى ئۇنىڭ
تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا. سىياسى، ئىدىيە، ئەخلاق - پەزىلەت، ئىجتىمائىي كەي -
پىيات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەكسىيەتچىل، چۈشكۈن، قالاق ھالەتتە بولغاچقا،
ئەخلاقىي كىرىزىس ۋە مەنىۋى كىرىزىس ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەت-
تىكى ماددىي مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن تۆۋەنرەك تۇرسىمۇ، لېكىن
بىزدە كاپىتالىزمغا قارىغاندا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، ئىلغار سوتسىيالىستىك
ئىقتىساد ۋە سىياسىي تۈزۈم بولغانلىقى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت-
نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان سىياسى، ئىدىيە، ئىنقىلابىي غايە، پەزىلەت، ئىج-
تىمائىي كەيپىيات، قانۇن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ئەمگەك پوزىتسىيىسى، تۇرمۇش
شەكلى، گۈزەللىك كۆز قارىشى، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىزمدىن ئاللا قانداق ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى،
ئىلغار ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە سىياسىي تۈزۈمنى قوغدىشىمىز، راۋاجلاندۇرۇشىمىز ۋە
ئۇنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

× × ×

مەنىۋى مەدەنىيەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنى ئۆت-
مۈشتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا مەنىۋى مەدەنى-
يەتمۇ تارىخىي ۋارىسلىققا ئىگە بولىدۇ. ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ مەنىۋى مە-
دەنىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش — مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتى-
نىڭ زۆرۈر شەرتى، بىزنىڭ ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە تەنقىدىي
ۋارىسلىق قىلىشتىكى مەقسىتىمىز، ئۆتمۈشتىكى كىشىلەرنىڭ ياراتقان قىممەتلىك مەنىۋى
مىراسلىرىنى ئۆزگەرتىش، قوبۇل قىلىش ۋە ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئى-
بارەت. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەنىۋى مەدەنىيەتكە قارىتا ۋارىسلىقلا قىلىپ،
ئۇنى تەنقىد قىلماسلىق، قارا - قويۇقلا قوبۇل قىلىش خاتا، تەنقىدلا قىلىپ ۋارىسلىق

---

① «ماركس ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 26- توم (I) 296- بەت.

قىلماسلىق، تارىخنى ئۈزۈپ تاشلاپ ھەممىنى ئىنكار قىلىش تېخىمۇ خاتا.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئىنسانلار تارىخىدىكى پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ، گەرچە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر ۋە بۇرۇنقى جەمئىيەتلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىدىن تۈپتىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئوخشاشلا ساقلىنىپ تۇرۇۋېرىدۇ، ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولغان ماركسىزم ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ھەمدە راۋاجلىنىشى ئۆتمۈشتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن نەتىجىلىرىنى ئۆزگەرتكەن ۋە قوبۇل قىلغانلىقىدىندۇر. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «ماركسىزمدىن ئىبارەت پرولېتارىياتنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى ئۇ، بۇرژۇئازىيە دەۋرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ۋاز كەچمەستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئىنسانلار ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۆزگەرتكەنلىكىدىندۇر»①. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا، ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇلنى ئىگىلەپ ۋە ئۇنى قوللىنىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار نەتىجىلىرىگە تەنقىدىي ئاساستا ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا ئىلگىرىكى كىشىلەر ياراتقان ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىگە تەنقىدىي ئاساستا ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى بارلىق قىممەتلىك بولغان ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىز لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، ئىنسانلار ياراتقان پۈتۈن بىلىم بايلىقلىرى ئارقىلىق ئىدىيىمىزنى بېيىتالايمىز ۋە ھەقىقىي كوممۇنىزمچى بولالايمىز.

مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان ئەخلاق — ئادەملەر بىلەن ئادەملەر، شەخس بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى ھەرىكەتنى قائىدىگە سېلىشنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت. ئەخلاق ئەينى دەۋرلەردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، سىنىپىي جەمئىيەتتە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىدۇر. پرولېتارىيات ئىنقىلاب ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى خۇسۇسىيلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىدۇ. ئەخ-

① «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 4- توم 362- بەت.

لاق-پەزىلەت كۆز قاراشلىرىغا قارىتا زۆرۈر بولغان تەنقىد ۋە ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شەكىللەنگەن ئەخلاق-پەزىلىتىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ، يېڭى ئەخلاق-پەزىلەتنى يېتىشتۈرىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاق - پەزىلەتتۇر. سوتسىيالىستىك ئەخلاق — سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە ھەرىكىتىنىڭ مىزانى. ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆيۈش، پەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشتىن ئىبارەت. «پەننى سۆيۈش» نى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەردە باراۋەرلىك، ئىناقلىق، مېھرىبانلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ تەلەپلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنى.

توغرا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتا تونۇش قورالى، ئىدىيىۋى قورالنى ئىگىلەش لازىم، ماركسىزم ئۇلۇغ تونۇش قورالى ۋە ئىدىيىۋى قورالدۇر. پەقەت پرولېتارىيات مەيدانىدا تۇرۇپ ماركسىزملىق دۇنيا قاراش مېتودولوگىيىسىنى ئىگىلىگەن ۋە ئىشلەتكەندىلا، ئاندىن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا قارىتا ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزگىلى، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىغىلى، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ ئۇنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلغىلى، قىممىتى بولغان نەرسىلەرگە ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا ئەڭ مۇھىمى يېڭىلىق يارىتىش روھى بولۇش لازىم. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىنسانلار جەمئىيىتى، تەبىئەت دۇنياسى ۋە كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ ھەممىسى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، سىنىپىي كۈرەش، ئىلمىي تەجرىبىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ھامان تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەيدۇ، كەشىپ قىلىدۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتى تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچنىڭ مەنىۋى مەھسۇلى سۈپىتىدە ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋر، ھەرقانداق سىنىپىي جەمئىيەتلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ يېڭىلىق ياراتقاندىلا ئاندىن يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

ماركسىزم ئىنسانىيەت بىلىمىنىڭ جەۋھىرى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق مەدەنىيەت، ئىدىيىلەرنىڭ جەۋھىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىلمىي نەزەرىيىۋى سىستېما، تارىخنىڭ ۋە ئىلىم-پەننىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ بارىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان پەن، ئۇ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا، جەمئىيەتنىڭ سىياسى، ئىدىيە ۋە نەزەرىيىسىنىڭ راۋاجلىنىش يۆنىلىشى ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشقا مۇھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلارمۇ پەقەت ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزم يۆنىلىشى بويىچە ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنالايدۇ. ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغاندىلا ئاندىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇغىلى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، قۇرۇلۇش داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلغىلى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىش، يۆنىلىشتىن ئېزىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.

ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ماركسىزم تارىخىي تەرەققىيات ۋە ئىلىم — پەن تەرەققىياتى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدىغان پەن. جۇڭگودا ۋە دۇنيادا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، بىر تەرەپتىن، ماركسىزمنىڭ ئۇلۇغ ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ يېڭى مەسىلىلەرنى ماركسىزملىق ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئاساسىي ئۇسۇلنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىجادىي يوسۇندا ھەل قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. ئېلىمىزدە ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى خىزمەتنىڭ يېڭى دەۋردىكى ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات جەريانىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى تەجرىبە ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدىن ئىزدىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيادىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ھازىرقى پىكىر ئېقىملىرىنى تەتقىق قىلىپ پەن تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەنقىدىي ئاساستا قوبۇل قىلىش ۋە يىغىنچاقلاشتىن ئىبارەت. تۇرمۇشقا قاتماللىق بىلەن باھا بەرمەستىن، بەلكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىن-

بىر ئۆلچەم قىلىپ، ناتوغرىلىقى ياكى ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا باپ كەلمەيدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ھۆكۈم ۋە يەكۈنلەرنى بىكار قىلىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، ئاندىن ماركسىزمنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئەگىشىپ ئالغا ئىلگىرلەتكىلى ھەمدە تۇرمۇشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچى قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ھەم ماركسىزمدا چىڭ تۇرغانلىق، ھەم ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرغانلىق بولىدۇ. ئەمەلىيەت نۇقتىئىنەزەرىدىن، تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرىدىن، ئىجادكارلىق نۇقتىئىنەزەرىدىن ئايرىلغاندا، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ماكسىزمنى ئۆلۈك دوگما قىلىۋېلىش، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ماركسىزمنىڭ «ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى» دەپ، قانداقتۇر «يېڭى ھەقىقەت تېپىش» خاتا؛ شۇنىڭدەك دوگماچىلىققا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇشقا قارشى تۇرۇش بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ تېخىمۇ خاتا. بىزنىڭ ماركسىزمغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىمىز: بىرىنچىدىن، چىڭ تۇرۇش، ئىككىنچىدىن، تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە ئىككىسىنى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا دىئالېكتىكىلىق ھالدا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇلىنى ئىگىلىشىمىز، نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى» دا، ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش توغرىسىدا توختىلىپ، ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگەنمىگەندە ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. شۇڭلاشقا بىز ماركسىزمنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلغۇچىلار ماركسىزمغا گۇمان بىلەن قاراۋاتىدۇ، تەۋرىنىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە ماركسىزمدىن ۋاز كېچىشكە، «يېڭى ھەقىقەت» تېپىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى «ھەقىقەت» «ئومۇمىيۈزلۈك غەربلەشتۈرۈش»، يەنى كاپىتالىزمنى يولغا قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ماركسىزملىق، سوتسىيالىزملىق ئىدىيىۋى سىستېمىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە بايرىقىمىز روشەن ھالدا ئوچۇق قارشى تۇرۇپ، ماركسىزمنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ماركسىزمغا بولغان ئېتىقادنى تىكلىشىمىز لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ماركسىزمغا قارشى بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشى ۋە تەسىرىنى توسۇۋالغىلى ۋە تازىلىغىلى بولىدۇ. ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقى ئاستىدا، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

# ئەمگەك كۈچى تاۋار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئابلىز ئەمىن، ئۆمەر بەكرى

سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئەمگەك كۈچى تاۋار خاراكتېرىنى ئالامدۇ-يوق، بۇ ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە مەسىلە. بەزىلەر ئەگەر ئەمگەك كۈچى تاۋار خاراكتېرىگە ئىگە بولسا، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم بىلەن كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنى قانداق پەرقلەندۈرىمىز، بۇنداق دېيىش خەتەرلىك، دەپ ئەندىشە قىلماقتا. بىزنىڭچە، بۇ ئەندىشىلەرنىڭ ئاساسى يوق. بىز بۇ ماقالىمىزدا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئەمگەك كۈچى يەنىلا تاۋار خاراكتېرىنى ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆزىمىزنىڭ بەزى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

(1)

تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىقتىسادىي كاتېگورىيە. تاۋار ئىگىلىكى مەۋجۇت جەمئىيەتلەرنىڭ خاراكتېرى مەھسۇلاتنىڭ ئىجتىمائىي شەكلى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە باسقۇچلىرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم بولسا ئىجتىمائىي فورماتسىيەلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىي شەكلى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىككىسىنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقى ۋە ئىككىسىنىڭ تارىختا بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرالىشى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدىن كېلىپ چىقمىغان ئىگىلىك شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

تاۋار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ كېلىپ چىققان بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىدە بىۋاستە سەۋەب — نەتىجە مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئىش تەخسىماتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ ئالغا بېسىشى ياكى ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك ھالدا راۋاجلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بىلەن ئۆز-ئارا بىرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قايسى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملەردە كۆپ قې-

تىمالىق تەرەققىياتلار كېلىپ چىققان. شۇڭا، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا باشتىن-ئاخىر مەھسۇلاتنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي شەكلى، يەنى تاۋار ئىگىلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى ياكى تەرەققىي قىلىشى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ بىر-بىرىگە نىسبەتەن تەقەززالىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە بۆلۈنۈشى ھەمدە مەنپەئەت چېگرىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ. بەلكى ئۇ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىقتىسادىي شەرتىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۈلۈكچىلىكى بىلەن ئۆز-ئارا باغلىنىشلىق، ئەمما، مۈلۈكچىلىك شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتتى بولمايدۇ. چۈنكى، ئىجتىمائىي ئىش تەخسىماتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا، مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر قايسى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە باغلىنىشلىق بولغان مۇستەقىل مەنپەئەت جەھەتتىكى پەرقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقۇتۇۋېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆز-ئارا مۇستەقىل بولغان مەنپەئەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي گەۋدىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئوخشاش بىر مۈلۈكچىلىك شەكلىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئۆز-ئارا ئايرىلىپ كېتىشى بىلەن مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىغا باغلىق بولغان ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا باغلىق بولغان ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىكى چېگرىسى مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم بەلگىلىمەيدۇ. ھالبۇكى، تاۋار ئىگىلىكى بىر خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بولسىمۇ، ئۇ، ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتتى ئەمەس. شۇڭلاشقا، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. خۇددى ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «مەھسۇلاتنىڭ تاۋار بولۇپ ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى ئىش تەقسىماتى شۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى كېرەككى، نەرسىلەرنى بىۋاستە ئالماشتۇرۇشتا باشلانغان ئىستېمال قىممىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش قىممىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىش تاماملانغان بولۇشى لازىم. لېكىن بۇنداق تەرەققىيات باسقۇچى تارىختىكى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھالەتلەر ئۈچۈن ئورتاق باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»①

① ماركس: «كاپىتال» 1-توم «ماركس ئېنگېلس. لېنىن. ستالىن. ماۋزېدوڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» سىياسىي ئىقتىساد قىسمى ئۇيغۇرچە 88-بەت.

تاۋار ئىگىلىكى ھامان كونكرېت ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈملەردىكى تاۋار ئىگىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن تارىختىكى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەر تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرى بىلەن تۇراقلىق ھالدا بىرلىشىپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئىقتىسادىي شارائىت جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىدا. دېمەك، بۇ ئىككىسى مۈلۈكچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىدىكى ئىقتىسادىي شارائىت مەنپەئەت جەھەتتە ئۆز-ئارا مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ، تۇرىدىغانلىقىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. لېكىن مۈلۈكچىلىكنىڭ دائىرىسىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا، مۈلۈكچىلىك بىلەن باغلىنىشلىق. ئەگەر ئىقتىسادىي تۈزۈملەرنىڭ ئاساسى بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى مۈلۈكچىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى دېيىلسە، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي شەرتى مۈلۈكچىلىكنىڭ ئومۇمىيلىقى بولىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىك بىلەن ئومۇمىيلىق ئايرىپ تاشلاشقا بولمايدىغان بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە بولىدۇ. ئايرىپ تاشلىغىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ ئۆزى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ھامان ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەردىكى تاۋار ئىگىلىكى بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تۈزۈملەردىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدە.

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ. بۇ تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈملەر تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق ماددىي ئاساسى. مۇشۇ ماددىي ئاساس بولغانلىقتىن تارىختا ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەر بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرى بىرلىشىپ كەتكەن. ئەمما بۇنداق بىرلىشىش تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدىغان ھەرىكەت جەريانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئىككىسىنىڭ بىرلىشىشىدىكى سەۋەب ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم تەرەپتە بولماستىن، بەلكى ئىككىسى ئۇيغۇنلىشىدىغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى باسقۇچىدا بىللە راۋاجلىنىدىغانلىقىدا. قۇللۇق جەمئىيەت ئىقتىسادىي تۈزۈمىدە «جامائە ئەزالىرى تۆرىلىرىگە ئىشلەپ بېرىدىغان قۇللارغا ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلغانلىقتىن، ئۇلار جامائە مۈلۈكچىلىكى شەكلى بىلەن بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇراتتى»①. مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي شەكلى تەبىئىي ئىگىلىك، «فېئوداللىق دەۋردىكى مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي شەكلى بىر تەرەپتىن، يەر- مۈلۈكتىن ۋە يەر- مۈلۈككە باغلانغان يانچىلارنىڭ ئەمگىكىدىن ئىبارەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز مىقداردىكى كاپىتالغا ئىگە بولغان ھەمدە ئىشكارلار ئەمگىكىنى ئىدارە قىلىدىغانلارنىڭ ئۆز ئەمگىكىدىن ئىبارەت بولدى.»②

① ② ماركس، ئېنگېلس: «فېيرباخ» «ماركس- ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم. 1 - كىتاب ئۇيغۇرچە نەشرى 44-بەت، 48- 49-بەت.

مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي شەكلى بولغان تاۋار ئىگىلىكى «ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىش بىلەن ھاسىل قىلىنغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى، يەنى ئايرىم - ئايرىم مۇستەقىل ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەك شارائىتى بىلەن بىرىكىشى ئاساس قىلىنغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى باشقىلارنىڭ شەكىل جەھەتتە ئەركىن بولغان ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى ئاساس قىلغان كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك سىقىپ چىقىرىدۇ.»① شۇڭا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا، مەيلى قايسى خىل تۈزۈم بىلەن بىرلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ.

تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم «ئىش تەقسىماتىنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرى ئەينى ۋاقىتتا مۇلۇكچىلىكنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»② شۇڭا، ئىككىسى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىقتىسادىي شەكىل سۈپىتىدە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تەبىئىي ئىش تەقسىماتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان قۇللۇق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق تۈزۈم تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، ساپ ئىش تەخسىماتى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان كاپىتالىستىك ئىگىلىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. تاۋار ئىگىلىكى بولسا كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم تەرەپىدىن بەلگىلىنىدىغان ھەرىكەت جەريانى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى، ئالدىنقى ئىككى تۈزۈمنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇلۇق رول ئوينىشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ ئۇيغۇنلاشىدىغان ماددىي ئاساسى تەبىئىي ئىش تەقسىمات خاراكتېرىنى ئالغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئىدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئىش تەقسىمات تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسى بولالمايدۇ. كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم بولسا تاۋار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇنلاشىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تەبىئىي ئىش تەقسىماتتىن قۇتۇلغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشىنىڭ ماددىي شەرتى. شۇڭا، ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەگەر بىز مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى ھېچ بولمىغاندا كۆپ قىسمىنىڭ قانداق شارائىتتا تاۋار شەكلىگە كىرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاساسىدا، يەنى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاساسىدىلا پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.»③ دېمەك،

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدوڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە سىياسىي ئىقتىساد قىسمى 200- 201 - بەت.

② ماركس ئېنگېلس: «فېيېرباخ» «ماركس ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلەر» 1 - توم. 1 - كىتاب ئۇيغۇرچە نەشرى 43 - بەت.

③ ماركس: «كاپىتال» 1 - توم. «ماركس ئېنگېلس لېنىن ستالىن ماۋزېدوڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە سىياسىي ئىقتىساد قىسمى 87 - 88 - بەت.

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي شەكلىگە ئايلىنىشىدىكى يىلتىز كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئۆزىدە بولماستىن، بەلكى ئىككىسى ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا. ئەگەر ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەبىئىي ئىش تەقسىماتىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈملەر پەيدا بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكى تەبىئىي ئىگىلىككە بېقىندىلىق ئورۇندا تۇرغانغا ئوخشاش تۇرىۋەرسە، ساپ ئىش تەقسىماتى باسقۇچىدا ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈملەر پەيدا بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكى مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي شەكلى بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئىش تەقسىمات سىستېمىسىدا تۇرىدىغانلىقتىن، تاۋار ئىگىلىكى يەنىلا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي شەكلى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ تاۋار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ تەقسىماتنىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچى بىلەن باغلىنىشلىق، شۇڭا، تاۋار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ مەزمۇنى بولالمايدۇ. ئىلگىرىكى: «تاۋار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى» ۋە «تاۋار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئالامىتى» دېگەندەك قاراشلارنى يېڭىۋاشتىن تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

( 2 )

ئەمگەك كۈچى تاۋار مەھسۇلاتنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي شەكلى بولغان تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ تەرەققىيات باسقۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كاتېگورىيە. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى بۇ تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. شۇ سەۋەبتىن، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئەمگەك كۈچىمۇ تاۋار خاراكتېرىنى ئالىدۇ.

ماركس ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «كاپىتال» دا ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشىنى كاپىتالىستىك ئىگىلىككە خاس بولغان كاتېگورىيە دەپ قارىمىغان. ماركسنىڭ «كاپىتال» دىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش بولغاچقا، ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشىدىكى سەۋەبنى سۈرۈشتە قىلمىغان، پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىن ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى ئىگىلىۋېلىشلا كۇپايە قىلىدۇ، دەپ قارىغان. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئەمگەك كۈچى نېمە ئۈچۈن تاۋارغا ئايلىنىدۇ؟ «بۇ مەسىلە ھازىرچە بىزنىمۇ قىزىقتۇرمايدۇ. پۇل ئىگىسى بۇ پاكىتقا ئەمەلىي جەھەتتىن ئاساسلىنىدۇ، بىز بولساق ئۇنىڭغا نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسلىنىمىز».① بۇ يەردە مار-

① ② ماركس «كاپىتال» 1 - توم «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدوڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» سىياسىي ئىقتىسات قىسمى ئۇيغۇرچە نەشرى 87- بەت، 98- بەت.

كىشىنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمگە يېقىندا بولمىغان ھالدا پەيدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ماركس تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «تاۋار مۇئامىلىسى ۋە پۇل مۇئامىلىسىنىڭ بولۇشى بىلەن ھەرگىز كاپىتالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن تارىخىي شەرت - شارائىت ھازىرلانغان بولمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىگىسى بازاردا ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ساتىدىغان ئەركىن ئىشچىنى تاپقان چاغدىلا كاپىتال بولىدۇ»①. شۇڭا، كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى تارىختا ئاۋال كاپىتالىستىك ئىگىلىك بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنداق بىرلىشىش كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ «تەڭلىك»، «ئەركىنلىك» نىقابىغا ئورنىۋالغانلىقى ئۇنى كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىدىن پەرقلەندۈرگەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار ئىكەنلىكىنى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمگە خاس ھادىسە دەپ قاراشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق. بۇنىڭدىن كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ئالدى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈم تەرەققىياتىدىكى بىر باسقۇچ بولۇش سۈپىتى بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈملىرىدىن پەرقلىنىدىغىنى پەقەت «تەڭلىك» «ئەركىنلىك»تىن ئىبارەت ساختا ھادىسە ئىكەنلىكىنى، كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم بىلەن ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ تەرەققىيات باسقۇچىغا بېقىنىدىغان ماددىي ئاساسنىڭ بىردەك بولىدىغانلىقىنى، كاپىتالنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتى بولسا بۇ باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مەھسۇلاتنىڭ ئىجتىمائىي شەكلىگە تايىنىدىغانلىقىنى، ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى بىلەن تاۋار ئىگىلىكى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتكەندە كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ئاندىن ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

ماركس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «كاپىتالىستلار بىلەن ياللانما ئىشچىلار مۇناسىۋىتىدە، پۇل مۇناسىۋىتى ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىدە بولغان مۇناسىۋەتكە ئايلىنىدۇ. ئەمما بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىدىلا بولۇپ، سودا ئۇسۇلىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن پەيدا بولغان.»② ئەپسۇسكى ئەمگەك كۈچى تاۋارنىڭ كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىنى نىقابلايدىغان ھادىسىنى ئېلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئەمگەك كۈچى تاۋارنىڭ كاپىتالىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى، ئەمگەك كۈچى تاۋارنىڭ تاۋار ئىگىلىگى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ھەرىكەت جەر-

① ماركس «كاپىتال» 1 - توم «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» سىياسىي ئىقتىساد قىسمى ئۇيغۇرچە نەشرى 87 - بەت 89 - بەت

② ماركس «كاپىتال» 2-توم خەنزۇچە نەشرى 133 - بەت.

يانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنىلا ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇ، تەبىئىي ئىش تەقسىماتىدىن ئاساسىي جەھەتتىن خالىي بولغان. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئەمگەكچىلەر مەنپەئەت جەھەتتە مۇستەقىل ئىختىسادىي كىشىگە ئايلانغان، جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى جەھەتتە مەستەقىل ئىختىسادىي گەۋدىگە بۆلۈنگەن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئۆز-ئارا ئايرىلىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ئايرىلىش سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەن يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ. ساپ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى تەھلىل قىلغان تەقدىردىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورتاق ئىلكىگە تەۋە بولۇپ، ئەمگەكچى پەقەت ئەمگەكچىلەر ئومۇمىي مەنسىبىدىلا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىسى بولالايدۇ. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، مۇستەقىل مەنپەئەتكە ئىگە بولغان كىشى سۈپىتىدىكى ئەمگەكچىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مۇستەقىل ئىگىسى بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىگىسى بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىي گەۋدىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى مەۋجۇت جەمئىيەتلەردە ئەمگەكچىلەر پەقەت مۇستەقىل مەنپەئەتى بولغان ئىقتىسادىي گەۋدىلا بولىدۇ، بۇ ئىقتىسادىي گەۋدە ئەمگەكچىلەرنىڭ بىۋاستە ئومۇمىي ئەمگەكچىلەر ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەندىلا ئاندىن ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىشەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمگەكچىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىگىسى سۈپىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىشىشتە ئاۋال ئىقتىسادىي كىشى سۈپىتىدە ئىقتىسادىي گەۋدە بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت باغلىشى كېرەك.

ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم بىلەن بىرلىشىشى ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا غايەت زور ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەمگەك كۈچى تاۋارى ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان شەكلىنى ئالمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ، كاپىتالىزمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى مۇراجىئەت قىلىدىغان ۋاستىغا ئايلانمايدۇ. ئەمگەك كۈچى تاۋار مۇناسىۋىتىدە مەيلى ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدا بولسۇن، مەيلى ئەمگەكچىلەر بىلەن ھەرقايسى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئوتتۇرىسىدا بولسۇن باراۋەرلىك، بىر-بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، پەقەت سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدىلا ئەمگەك كۈچى ھەقىقىي تاۋار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە بولسا، ئەمگەك كۈچى تاۋارى «كاپىتالىست بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەت پەقەت مۇئامىلە جەريانىغا مەنسۇپ بولغان يۈزەكى ھادىسىدىلا ئايلىنىپ، بىر خىل مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان سىرلىق شەكىلگىلا ئايلاندۇرىدۇ.»① سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورتاق ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. بۇنداق ئىقتىسادىي شارائىت ئەمگەكچىلەرنى ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر قىلمىشتىن ئەمگەك كۈچىنى ئۆزلىكىدىن تاۋار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا ئۆزگەرتىدۇ؛ ھەممە ئەمگەكچىلەر ھەقىقىي يوسۇندا ئەمگەك كۈچى تاۋارى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن بىرلىشىدۇ. شۇڭا، ئەمگەك كۈچى تاۋارى شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە تاۋار خاراكتېرىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ بۇنداق تەشەببۇسكارلىقى بىلەن ئەركىنلىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرەققىياتىغا زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتىكى خوجايىنلىق ئورنىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ ئىستېمال قىممىتى پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن زىت كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى پىلانلىق ئىگىلىكنى ئوبيېكتىپ شارائىت ۋە ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە، ئەمگەك كۈچى تاۋارى سېتىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئىستېمال قىممىتى كاپىتالىستقا مەنسۇپ بولۇپ كېتىدۇ، كاپىتالىستنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدىكى بىر ئوبيېكتىپ شەرتىنى پەيدا قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە بولسا، ئەمگەك كۈچى تاۋارى سېتىلمىش بىلەن ئۇنىڭ ئىستېمال قىممىتى ئومۇمىي گەۋدىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىلكىگە تەۋە بولۇپ، ئومۇمىي گەۋدىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ئەمگەك مىقتارىنى پىلانلىق تەقسىم قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتىغا ۋە ئاساسىغا ئىگە بولىدۇ.

تۆتىنچى: سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ قىممىتى ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چەتكە قاقمايدۇ. چۈنكى، (1) ئەمگەك كۈچى قىممىتىنىڭ رېئاللىشىشى ئەمگەكچىلەر ئىقتىسادىي گەۋدە بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقە باغلىغان چاغدىلا ئاندىن نامايەن بولىدۇ، يەنى ئالماشتۇرۇش ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمگەككە قاراپ تەخسىم قىلىش بولسا، تەقسىمات ساھە-

① ماركس «كاپىتال» 1-توم خەنزۇچە نەشرى 640-بەت.

سىدە رېئاللىشىدۇ؛ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، شۇڭا، بۇ ئىككىسى ئىككى ساھەدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. بۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ قىممىتىنى رېئاللاشتۇرغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئەمگەك مىقدارىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن شەخسىي ئىستېمال بويۇملىرىنى تەقسىم قىلىشنى ئېلىپ بېرىشقا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. (2) ئەمگەك كۈچى تاۋارى ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئىقتىسادىي كاتېگورىيە؛ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بولسا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم تاۋار ئىگىلىكى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىكەن، ئۇنداقتا، ئەمگەك كۈچى قىممىتى بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئوخشاشلا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەمگەك كۈچى تاۋارى بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان قارىمۇ-قارشى ئىككى كاتېگورىيە تۈسىنى ئالمايدۇ. كاپىتالىستىك تۈزۈمدىكى كاپىتالغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەمگەك كۈچى تاۋارى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغاندەك، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى زادى ئىنكار قىلالمايدۇ.

قىسقىسى، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىدا تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش بىر نەرسە بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمگەك كۈچى تاۋارىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىشىمىز لازىم.

ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ياللانما ئەمگەك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىغا ئايلانغان چاغدىلا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئاندىن پۈتكۈل جەمئىيەتكە مەجبۇرىي تېڭىلىدۇ، ئەمما مۇشۇ چاغدىلا ئۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ بارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ياللانما ئەمگەكنىڭ قىستۇرۇلۇپ كىرىشى بىلەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ساپلىقى بۇزۇلىدۇ، دېيىلسە، بۇنداقتا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق كېرەك دېگەنلىك بولۇپ قالىدۇ».① بىزنىڭچە ماركسنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

① ماركس «كاپىتال» 1- توم خەنزۇچە نەشرى 644-بەت

# سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى رولى توغرىسىدا

قەيۇم قۇربان

كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى مۇئەييەن ئاڭنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قانۇن ھەرىكىتىمۇ ئوخشاشلا مۇئەييەن قانۇن ئېڭىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ رېئال قانۇنى شۇ جەمئىيەتنىڭ قانۇن ئېڭى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش، قانۇننى تەتبىقلاش ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت قانۇنچىلىق پائالىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇشۇ مەسىلىلەرنى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قانۇن ئېڭىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا قانداق رول ئوينايدىغانلىقى (بۇ مەركىزىي نۇقتا)، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پۇقرالارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىش بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدۇر.

## 1

قانۇن ئېڭى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئىدىيىسى، قانۇن نۇقتىئىنەزەرى ۋە قانۇن ھېسسىياتىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ئۇ كىشىلەرنىڭ قانۇن ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى بىلىملىرى، قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە رولى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى، رېئال قانۇنغا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە تەلەپلىرى، قانۇن - تۈزۈم توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى، ئۆزىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدىكى تونۇشلىرى، مەلۇم بىر ھەرىكەتنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى ھۆكۈم ۋە باھالىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قانۇن ئېڭى ھەم سىستېمىلىق ئىدىيە ۋە تەلىمات شەكلىدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، ھەم چۇۋالچاق كۆز قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەر شەكلىدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن؛ ھەم ئېنىق، توغرا، ئىلمىي بايان شەكلىدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، ھەم مۇجمەل، خاتا، بىمەنە سەپسەتە شەكلىدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن؛ ھەم ئەسەر، ماقالە، نۇتۇق قاتارلىق

شەكىللەردە ئاشكارا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، ھەم خۇسۇسىي سۆھبەت، خۇسۇسىي خاتىرە قاتارلىق شەكىللەردە مەخپىي ئىپادىلىنىشى مۇمكىن،ھەتتا ئۆزىنىڭ كاللىسىدا ساقلىنىپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

قانۇن ئېڭى — ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىر خىل شەكلى. ئىجتىمائىي ئاڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى بولغان ئىجتىمائىي ئىدىيە، ئىجتىمائىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىجتىمائىي تەلىماتتىن، يەنى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي جەريان توغرىسىدىكى تونۇشىدىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي ئاڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئوبيېكتىپ جەرياننىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىنكاسى بولغان سىياسى، قانۇن، پەلسەپە، ئەخلاق، سەنئەت، دىن قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىدە بىۋاستە شەكىللەنگەن ھېسسىيات، ئادەت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئىجتىمائىي روھىي ھالەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئالاھىدە شەكلى بولغان قانۇن بولسا كىشىلەرنىڭ قانۇن ۋە قانۇن ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە نەزەرىيىسىدىن تەركىب تاپقان قانۇن ئىدىيىسى سىستېمىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ قانۇن ھېسسىياتىدىن، قانۇن، قانۇنچىلىق، جىنايەت ۋە جازا قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەسىراتىدىن تەركىب تاپقان قانۇن روھىي ھالىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قانۇن ئىدىيىسى سىستېمىسى بىلەن قانۇن روھىي ھالىتى ئۆزىگە خاس مۇئەييەن مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشكە ياكى بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى دەسسىتىشكە بولمايدۇ. قانۇن ئىدىيىسى سىستېمىلاشقان، نەزەرىيىلەشكەن ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەر ۋە نەزەرىيىدىن ئىبارەت بولۇپ، قانۇن ئېڭىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە قانۇن ئېڭىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ قانۇن ئېڭىنىڭ ئالىي شەكلى ھېسابلىنىدۇ. قانۇن روھىي ھالىتى بولسا سىستېمىلاشمىغان، ئاڭسىز شەكىللەنگەن سېزىم، ھېسسىيات، كەيپىيات ۋە ئادەتتىن ئىبارەت بولۇپ، قانۇن ئېڭىنىڭ تۆۋەن شەكلى ھېسابلىنىدۇ. قانۇن ئىدىيىسى سىستېمىسى بىلەن قانۇن روھىي ھالىتى ئۆز ئارا زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قانۇن روھىي ھالىتى قانۇن ئىدىيىسى سىستېمىسىنىڭ بىخى ۋە ئىپتىدائىي ھالىتى، شۇنداقلا ماتېرىيال مەنبەسىدۇر. قانۇن ئىدىيىسى سىستېمىسى بولسا قانۇن روھىي ھالىتى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ، ئەمما قانۇن روھىي ھالىتىگە قارىغاندا يۇقىرى باسقۇچتا تۇرىدۇ ھەم قانۇن تۈزۈش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئىشىدا يېتەكچى رول ئوينايدۇ.

قانۇن ئېڭى سىنىپىلىققا ئىگە. سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ سىنىپىي مەنپەئىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ قانۇن ئىدىيىسى ۋە قا-

نۇن نۇقتىئىنەزەرى، رېئال قانۇنغا بولغان تەلىپى ۋە كۆز قارىشى، كىشىلەرنىڭ قانۇن ھەرىكىتىگە بولغان ھۆكۈمى ۋە باھاسى قاتارلىقلارمۇ بىردەك بولمايدۇ. دېمەك، بىر دۆلەت دائىرىسىدە قانۇن ئېڭى بىردەك بولمايدۇ. ئەمما، جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان قانۇن ئېڭى، ئادەتتە، ھۆكۈمران سىنىپ قانۇنىنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

پرولېتارىياتنىڭ قانۇن ئېڭى پرولېتارىياتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىللە بارلىققا كەلدى ۋە پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى، كۈچىيىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆستى، كۈچەيدى ۋە راۋاجلاندى. پرولېتارىيات دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالغاندا، بۇ قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك قانۇننى بەرپا قىلىشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولدى. سوتسىيالىزم دەۋرىدە بولسا، ھۆكۈمران ئورۇندىكى سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىغا ئايلاندى.

سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ ئالىي تىپتىكى قانۇن ئېڭىدۇر. ئۇ، مەيلى قانۇننىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتى جەھەتتىن بولسۇن ياكى قانۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ قانۇن ئېڭىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ قانۇن ئېڭى كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ھوقۇقسىز ئورنىنى قانۇنىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلسا، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي دېموكراتىيىسى، ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكىنىڭ قانۇنىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ بۇرژۇئازىيىنىڭ قانۇن ئېڭى خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ مۇقەددەس، دەخلىسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىسا، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى بىكار قىلىشنى، ئادەمنى ئادەم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئېزىدىغان تۈزۈمنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ قانۇن ئېڭىغا تۈپتىن قارىمۇ - قارشى بولغان ھالدا، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ باشقا شەكىللىرى بىلەن، بولۇپمۇ سىياسىي ئاڭ ۋە ئەخلاق ئېڭى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ ھەم ئۇلاردىن پەرقلىنىپمۇ تۇرىدۇ.

سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك سىياسىي ئاڭ بىلەن زىچ باغلانغان ۋە ئاساسىي جەھەتتىن سىياسىي تۈس ئالغان بولىدۇ. سوتسىيالىستىك سىياسىي ئاڭ پرولېتارىياتنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەخسىدىدە، جەمئىيەتنىڭ

سىياسىي تۈزۈمى، ھەرقايسى سىنىپلار ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، دۆلەتنىڭ ماھىيىتى ۋە رولى قاتارلىق سىياسىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم توغرىسىدىكى سىياسىي ئاڭ، سىياسىي كۆز قاراش، سىياسىي تەلەپ ۋە سىياسىي پوزىتسىيە قاتارلىقلارمۇ سوتسىيالىستىك سىياسىي ئاڭ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى بولسا ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىياسىي تەلەپلىرىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى، قائىدىلەشتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت. شۇڭا لېنىن: «قانۇن بىرخىل سىياسىي تەدبىر، بىرخىل سىياسەت» دەپ كۆرسەتكەن.① سوتسىيالىستىك سىياسىي ئاڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ۋە يېتەكچى رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى، مەزمۇنى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى بەلگىلەيدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سوتسىيالىستىك سىياسىي ئاڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىياسىي ئاڭ تۈرلۈك قانۇن ئىدىيىلىرىدىن بەزى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇقۇملارنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۆز ساھەسى ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ. بولۇپمۇ سىياسىي ئاڭ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پائالىيەت تۈزۈملىرى، ھەرخىل ھوقۇق دائىرىسى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلەر ئۈچۈن ئېنىق قانۇن قائىدىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق قانۇن قائىدىلىرى پەقەت مۇئەييەن قانۇن ئېڭىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىلا بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، قانۇن ئېڭىنىڭ بىرخىل ئىپادە شەكلى بولغان قانۇن نەزەرىيىسىمۇ سىياسىي ئاڭنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ تەسىر سوتسىيالىستىك قانۇن ئىلمىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىكى مۇھىم قورال بولغانلىقىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى سىياسەتلىرىنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

قانۇن ئېڭى يەنە ئۆز ئالدىغا نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن سىياسىي ئاڭدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سىياسىي ئاڭنى قانۇن ئېڭىغا مەنسۇپ قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك قانۇن ئېڭىنىمۇ سىياسىي ئاڭنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. سىياسىي ئاڭنىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنى قانۇن ئېڭىنىڭكىدىن كەڭ ۋە مول بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى كوممۇنىستىك ئەخلاق ئېڭى بىلەنمۇ زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى بىلەن كوممۇنىستىك ئەخلاق ئېڭىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ.

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 23 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 40 - 41 - بەت،

ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتى، تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلى ۋە دائىرىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر-بىرىدىن ئېنىق پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

## 2

سوتسيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1. سوتسيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسيالىستىك قانۇن تەسىس قىلىش ۋە سوتسيالىستىك قانۇنچىلىقنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى. بۇنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، سوتسيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسيالىستىك قانۇن تەسىس قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات نىشانىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قانۇن تەسىس قىلىش ئورگانلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە پىشقان مەسىلىلەرنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك قانۇن تەلىپىنى رەسمىي يوسۇندا كۈن تەرتىپكە قويۇپ مۇقىملاشتۇرغان ۋە قائىدىلەشتۈرگەن چاغدىلا ئاندىن قانۇننى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەمەلىي كۈچكە ئىگە قىلالايدۇ. كىشىلەر قانۇننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىنى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن، خەلق ئىچىدە مەلۇم بىر قانۇنغا نىسبەتەن تەلەپ ۋە تەشنالىق تېخى بارلىققا كەلمىگەن شارائىتتا، بۇنداق قانۇن بارلىققا كەلمەيدۇ. بارلىققا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەمدىلا قۇرۇلغاندا، غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇپ، قانۇن ئارقىلىق قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ۋە تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ «نىكاھ قانۇنى»، «يەر ئىسلاھاتى قانۇنى»، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى» قاتارلىق بىرمۇنچە مۇھىم قانۇنلار تۈزۈلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن 1954 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنى تۈزۈلدى. بۇ قانۇنلار ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى قۇرۇش، ئىنقىلابىي تەرتىپنى ساقلاش، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش، بولۇپمۇ خەلق دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش، بارلىق كونا تۈزۈملەرنى بىتچىت قىلىپ، ئىجتىمائىي دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشىنى ھەم سوتسيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. لېكىن 50 - يىللارنىڭ ئاخىر-

ردىن باشلاپ «سول»چىل ئىدىيىنىڭ ۋە قانۇن ئىنكارچىلىقى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۇزاققىچە بىر ئىزدا توختاپ قالدى. تۈزۈلۈپ رەسمىي ئېلان قىلىنغان قانۇنلارمۇ تېگىشلىك نوپۇزغا ئىگە بولالمىدى ھەتتا پۈتۈنلەي ئىجرا قىلىنمىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە- ساۋاقلاردىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ داۋاملىق مۇكەممەللىشىپ بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈش جەريانى ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنىڭ دۆلەت ئىرادىسىگە كۆتۈرۈلۈش جەريانىدۇر. بۇ جەريان قانۇن تەسىس قىلىش ئورگانلىرىنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى ھەربىر مۇھىم قانۇننىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا چىقىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىنىشى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مۇھاكىمە جەريانىدا خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، قانۇن لايىھىلىرىنى باھالايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن لايىھىلىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنى، تەلىپى ۋە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن ئېڭىنىڭ ئىپادىسىدۇر. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈملەرنى داۋاملىق تۈردە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتىدۇر. لېكىن بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى قانۇننى تۈزۈش، تۈزىتىش ۋە بىكار قىلىش تەلىپىنىلا ئوتتۇرىغا قويالايدۇكى، ھەرگىزمۇ قانۇننى تۈزۈش، تۈزىتىش ۋە بىكار قىلىشنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش پائالىيىتىگە بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى قانۇن ئېڭىنىڭ ئالىي شەكلىدۇر، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ قانۇنغا دائىر بىر قاتار ئاساسىي مەسىلەر توغرىسىدىكى سىستېمىلىق ئىلمىي بىلىمىدۇر. ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ

بېرىلىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىگە سەل قارالسا، قانۇنغا دائىر بىر قاتار ئاساسىي مەسىلىلەر توغرىسىدا سىنستېمىلىق ھالدىكى ماركسىزملىق نەزەرىيە بولمىسا، ساغلام، مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەملىكىتىمىزدە ھازىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تېخى مۇكەممەل ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، ئېلىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئارقىدا قېلىۋاتقانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

2. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك قانۇننى توغرا تەتبىقلاشنىڭ مۇھىم ئامىلى.

سوتسىيالىستىك قانۇننى تەتبىقلاش قانۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى. كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇ، دۆلەتنىڭ مەخسۇس ئورگانلىرى، مەخسۇس خادىملىرى ۋە دۆلەت ھوقۇق بەرگەن ئورۇنلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقى ۋە تەرتىپ بويىچە، قانۇن قائىدىلىرىنى كونكرېت ئادەم ياكى تەشكىلاتقا تەتبىقلايدىغان مەخسۇس پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىن ئالغاندا، ئۇ، دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن قائىدىلىرىنى تەتبىقلاپ دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇننى توغرا تەتبىقلاش ئىشى، مەيلى كەڭ مەنىدە بولسۇن، ياكى تار مەنىدە بولسۇن، ئومۇمەن مۇئەييەن ئادەمنىڭ ئاڭلىق، مەقسەتلىك ھەرىكىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ زور تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، قانۇننىڭ توغرا تەتبىقلىنىشى، ئالدى بىلەن، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن ئېڭىغا باغلىق. دۆلەتنىڭ قانۇننى تەتبىقلاشتەك مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تەپتىش ۋە سوتچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى يۇقىرى بولسا، ئۇلارنىڭ كونكرېت دېلو ئۈستىدە چىقارغان خۇلاسىسى ئادىل، توغرا بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى تۆۋەن بولسا، ياكى ئۇلار قانۇننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇلارنىڭ كونكرېت دېلو ئۈستىدە چىقارغان خۇلاسىسى مۇقەررەر ھالدا خاتا بولىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى تەتبىقلاش جەھەتتە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىققا سىغمايدىغان بەزى ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاش بىر دېلو، ئوخشاش بىر ھەرىكەتنى تۈرلۈك كىشىلەر تۈرلۈك چۈشىنىشى ۋە بۇ ھەقتە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان خۇلاسىلەرنى چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنداق بولۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدۇر. دېمەك، كونكرېت بىر دېلو ئۈستىدە ئادىللىق

بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقىرىش پەقەت قانۇن ماددىلىرىغىلا تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىلەن بىر تەرەپ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك دەرىجىسىگە باغلىق ئىش. شۇڭا، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قانۇن كادىرلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ھەربىر خادىمنى ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن تولۇق خەۋەردار قىلىش ۋە مول قانۇن بىلىملىرى بىلەن مول ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئىگە قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنى دېلو ئىشلىگەندە، ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئۈستىدە قانۇن نۇقتىسىدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، قانۇننىڭ توغرا تەتبىقلىنىشى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ تۈرلۈك تۇسالغۇلارنى تۈگىتىپ، دېلو ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىغا باغلىق. بۇ ئىشمۇ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى يۇقىرىراق بولغاندىلا، ئاندىن پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، قانۇنغا قەتئىي ئاساسلىنىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش تەلىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. كونكرېت دېلونىڭ سەۋەب، نەتىجىلىرىنى توغرا تەھلىل قىلغىلى ۋە تۈرلۈك پاكىتلار ئۈستىدە توغرا خۇلاسە چىقىرىپ، قانۇننىڭ كۈچىنى نامايەن قىلغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ئابرۇيىنى قوغدىغىلى، بارلىق تۇسالغۇلارنى تۈگىتىپ، تاشقى بېسىمغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، قانۇننىڭ توغرا تەتبىقلىنىشى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئاڭلىق ھالدا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى يېتەكچى قىلىشىغا باغلىق. بۇنىڭدىمۇ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىدىن چەتلەپ كېتىشكە بولمايدۇ. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى يۇقىرى بولسا، ئۇلارنىڭ پارتىيە سىياسىتى كۆز قارىشىمۇ مۇقەررەر ھالدا كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى، سوتسىيالىستىك قانۇن كوممۇنىستىك پارتىيە سىياسىتىنىڭ قائىدىلەشتۈرۈلۈشى، قانۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. شۇڭا، قانۇنغا بولغان باھا، ئۆز نۆۋىتىدە، پارتىيە سىياسىتىگە بولغان باھانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، قانۇنغا ۋە پارتىيە سىياسىتىگە نىسبەتەن توغرا چۈشەنچە ۋە باھا بولغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئاڭلىق ھالدا يېتەكچى قىلىپ، قانۇننىڭ توغرا تەتبىقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولمىغان ئەھۋالدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قانۇن ئېڭىغا ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسلىنىپ، ئاڭلىق ھالدا تەڭشىگىلى بولىدۇ.

3. سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى سوتسىيالىستىك قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

سوتسىيالىستىك قانۇنغا رىئايە قىلىش سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر ھالقا. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەنە دۆلەتنىڭ قانۇنىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىزچىللاشتۇرۇشقا، دۆلەت كادىرلىرىنى، ئاممىنى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئەتىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە، ھىمايىسىگە ۋە رىئايە قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن پۇقرالارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش ھەرىكىتى تەبىئىي ھالدا ئۆزلىكىدىن بارلىققا كەلمەيدۇ، بەلكى مۇئەييەن قانۇن ئېڭىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى ئادەتتە بىر خىل ئىچكى كۈچ بولۇپ ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئىدارە قىلىدۇ، پۇقرالارنىڭ دۆلەتكە، جەمئىيەتكە ۋە باشقىلارغا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ، پۇقرالارنى ئاڭلىق ھالدا، قانۇن بويىچە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولۇشقا ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، پۇقرالارنىڭ قانۇن بىلەن قارشىلىشىش روھىي ھالىتى ۋە ھەرىكىتىنى داۋاملىق تۈگىتىپ، ئۇلارنى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشقا ئادەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر بىر پۇقرا قانۇننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسە، قانۇننىڭ خاراكتېرى، رولى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسا، قانۇن بويىچە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش لازىملىقىنى بىلمىسە، ئۇنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشتىكى ئاڭلىق ھەرىكىتىمۇ بولمايدۇ.

سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى پۇقرالارنى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئىچكى كۈچلا بولۇپ قالماي، بەلكى پۇقرالارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىدىغان مەنىۋى كۈچتۇر. قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ۋە مەنپەئەتىنى قوغداش ھەر بىر پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى. لېكىن باشقىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرىنى سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىغا ئاساسەن تەھلىل قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر كىشى ئەگەر قانۇندىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز بولسا، باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرىنى، يەنى قانۇنغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئايرىيالمايدۇ - دە، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا ئېنىق قەتئىي قارارغا كېلەلمەيدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا قوغدىيالمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى بولمىسا، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقمۇ بولمايدۇ. شۇڭا كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە كادىرلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر.

## 3

پارتىيىمىزنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن سىياسىي دوكلاتتا: «پۈتكۈل خەلق ئارىسىدا قانۇنچىلىق توغرىسىدا قايتا - قايتا تەشۋىقات ۋە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە دائىر دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ، ھەممە پۇقرانى قانۇن ساۋادىغا ئىگە قىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. بولۇپمۇ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. ئەدلىيە مىنىستىرلىكى پارتىيىمىزنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ تەلەپلەرگە ئاساسەن، بەش يىللىق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتكۈل پۇقرالار ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش، يەنى تەخمىنەن 1990 - يىلغىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، ئوقۇغۇچىلار، ھەربىيلەر، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، ھەربىي خىزمەت قانۇنى قاتارلىق مۇھىم قانۇنلارنىڭ ئاساسىي روھىدىن خەۋەردار قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش پېڭ جېنمۇ پايتەختتىكى ئاخپاراتچىلارنى يىغىپ ئۇدا ئۈچ قېتىم يىغىن ئېچىپ، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى. شۇڭا، سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭى ئۆزلىكىدىن شەكىللەنمەيدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە كادىرلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك تەشۋىقات ۋە تەرغىبات شەكىللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ماركسىزملىق قانۇن

نۇقتىئىنەزەرى ۋە سوتسىيالىستىك قانۇن ساۋاتلىرىنى پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا بارلىق پۇقرالارغا داۋاملىق سىڭدۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.

پۇقرالارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئىشىنى باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسىدىن باشلاپ تۇتۇپ، ئۇلارنى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا قانۇن - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

پۇقرالارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئىشىنى ئۇلارنىڭ ياش پەرقى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە كەسپ جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان تەربىيە مەزمۇنى ۋە تەربىيە شەكىللىرىنى قوللىنىپ ئېلىپ بېرىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولى بىلەن قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش لازىم.

ئىككىنچى، قانۇنشۇناسلىق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى قانۇنشۇناسلىق مائارىپى بىلەن قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە باغلىق. قانۇنشۇناسلىق مائارىپى تەرەققىي قىلمىسا، مەخسۇس قانۇن كەسپىنى ئۆگەنگەن، قانۇن بىلىملىرىنى بىلىدىغان، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىدىغان، ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتە لاياقەتلىك بولغان ئىختىساسلىق كىشىلەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بۇ ھال سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ھەر جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوخشاشلا، قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى تەرەققىي قىلمىسا، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ جۇڭگوچە ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، پۇقرالارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىلا مۇھىم بىر ھالقا بولۇپ قالماي، بەلكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ مۇھىم بىر ھالقا. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، كىشىلەر قانۇن ساۋاتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان بولىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى قوغدىيالايدىغان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئابرويىنى ئاڭلىق ھالدا قوغدىيالايدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمۇ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

# «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى «ئۇرۇمخان» ئاتالغۇسى توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم ھېلىم

مەلۇم مىللەتنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن ھازىرغىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان بەزىبىر تارىخىي ئاتالغۇلار، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ياكى ئۇرۇق-قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قاتنىشىپ شۇ مىللەتكە سىڭىپ كەتكەن ياكى بولمىسا كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرىدا ئايرىم مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن خەلقلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىق ئامىللىرى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇنداقلا شۇ مىللەتنىڭ تىل، ئەدەبىيات قاتارلىق ئۇستقۇرۇلما ھادىسىلىرىگە مەنسۇپ بولغان مەسىلىلىرىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، مۇكەممەللىشىش تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دە: «سول تەرەپتە ئۇرۇم دېگەن بىر خاقان بار ئىدى. بۇ ئۇرۇم خاقان ئوغۇزخاننىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئالدىغا بارمىدى» دەپ ئوغۇزخان بىلەن ئۇرۇمخان ئوتتۇرىسىدىكى قەبىلىلەر ئارا بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى تەسۋىرلىسە، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تاجىسى دەپ ئاتالغان «قۇتادغۇبىلىك» دە:

«ماچىن، چىن ھىكمىتى ئۇلار بارچىسى،
گۈزەل دەپ ماختىدى ئۇنى ھەممىسى.
پۈتۈن تۈرك، چىن شەرق ئېلىدە دېمەك،
مۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك».①

«يوشۇردى يۈزىن يەرگە رومى قىزى،
جاھاننىڭ تۈسى بولدى زەڭگى يۈزى»②

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق رۇم، چىن، ماچىن ئاتالغۇلىرىنى ئىشلىتىپ، ئەسەرگە چىرايلىق بېزەكلەرنى بەرگەن. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر داستان-رىۋايەتچىلىكىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بول-

①② يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى 11 - ، 817 - بەتلەر.

غان «تاھىر - زۆھرە»، «قىسسە شاھ بەھرام ۋە مەلىكە گۈلئەندام»، «بەھرام ۋە ھەپ-
تەنەزەر»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «سەنۇبەر»، ناۋايىنىڭ «سەددە ئىسكەندەر»، «پەر-
ھات - شېرىن» (ناۋايى، نىزام گەنجىۋى، ئابدۇرەھىم نىزارى نۇسخىلىرى)، خىسراۋ
دېھلىۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ «رۇم»، «ماچىن» ۋە «چىن»
ئاتالغۇلىرى ئىشلىتىلگەن. بۇ داستان - رىۋايەتلەر گەرچە ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن
ئەدىب - داستانچىلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان، دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ،
يۇقىرىقى ئاتالغۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە قوللىنىلىشىغا قاراپ،
بۇ تىپتىكى ئەسەرلەرنىڭ مەنبەسىنى ھەرگىزمۇ ئەنە شۇ ئوتتۇرا ئەسىر داستان -
رىۋايەتچىلىك دەۋرىدە ئىجادىي ياكى سۈنئىي يوسۇندا بارلىققا كەلگەن، دەپ قاراشقا
بولمايدۇ. خۇددى مەنبەسىز سۇ بولمىغىنىدەك، مەنبەسىز ئەدەبىياتمۇ بولمايدۇ. جۈم-
لىدىن يۇقىرىدىكى رۇم، چىن، ماچىن ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا ئىزدىنىشمۇ ئۇزۇن تا-
رىخىي دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەلىرىنى
ئېنىقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئاتالغۇلارنى ئېنىقلاشتا ئالدى
بىلەن بۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى، ئېتنىك تەركىبىي ۋە تارىخىي جۇغراپىيىلىك
دائىرىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختا بەزىدە «ئۇيغۇر» نامى بىلەن، بەزىدە توققۇز ئوغۇز ياكى
توققۇز ئۇيغۇر ۋە ياكى ئون ئۇيغۇر ناملىرى بىلەن ئاتالغىنىدا ئوخشاش، رۇم ۋە
چىن ئاتالغۇلىرىمۇ بەزىدە بىرگە قوللىنىلغان، بەزىدە رۇم ئاتالغۇسى گەۋدىلىكرەك
ئاتالغان بولسا، بەزىدە چىن ئاتالغۇسى گەۋدىلىكرەك بولغان. مەسىلەن: ئەڭ قەدىمكى
دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر شەرقتە جايلاشقانلارنى «يى» (夷)، جە-
نۇبقا جايلاشقانلىرىنى «مەن» (蛮)، شىمالغا جايلاشقانلىرىنى «دى» (狄)، غەرپتە
جايلاشقانلىرىنى «رۇڭ» (戎) دەپ ئاتىغان.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، يەندى (炎帝) قەدىمكى جياڭ (姜) قەبىلىسىنىڭ
ئاقساقىلى بولۇپ، جياڭ قەبىلىسى غەربىي رۇڭ چياڭلىرىنىڭ تارمىقى ئىكەن. ئۇ-
نىڭدىن باشقا يەنە، شىمالدا تاغلىق رۇڭلار (山戎)، رۇڭ تۈركلىرى (戎秋) دېگەندەك
رۇڭلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن.① ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ
ئەجدادى بولغان شيا (夏) نىڭ ئاتىسى گۇن (鲧) غەربىي رۇڭ ياكى ئىت رۇڭ
(犬戎) لاردىن كېلىپ چىققان ئىكەن.②

چۇنچيۇ دەۋرىدە بەزى رۇڭ قەبىلىلىرى چاڭجياڭ ۋە خەنشۇي دەريا ۋادىلىرى-
غىچە بېرىپ يەتكەن. غەربىي تەرەپلەردە چوڭ رۇڭ (大戎)، كىچىك رۇڭ (小戎)،

① ۋېي دۇجيەن: «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا» خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1984 - يىل 4 - سان.

② لۇ سىشەن: «ھونلارنىڭ ئىسمى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «ئىچكى موڭغۇل پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىل 2 - سان.

ئىت رۇڭ (犬帝)، جياڭرۇڭ، بۆرى رۇڭ (狼戎 قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «مانۇ» چىل بۆرى مەنىسىدە①) دېگەن قەبىلىلەر بولغان. ۋېي دەرياسى (شەنشىدە) جىڭ دەرياسى (شەنشىدە)، لۇ دەرياسى (شەنشىدىن خېنەنگە قاراپ ئاقىدۇ)، يىڭ دەرياسى (خېنەننىڭ غەربىدە) ۋادىلىرىدىمۇ رۇڭلار ياشىغان. قىسقىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىگە قوشنا ياكى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان رۇڭلارنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە تۈرلۈك رۇڭلار نامى بىلەن ئاتالغان. «سىخەي» (辞海) دە ئېيتىلىشىچە: قەدىمكى دەۋرلەردە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغۇچى كىشىلەر غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنى «رۇڭ» ياكى «غەربىي رۇڭ» دەپ ئاتىغان.② ئۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئالتە كۆچلۈك بەگلىك بولۇپ، بۇلارچى، چۇ، چىن، جىن، ۋېي، يەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى باشقا بەگلىكتىكىلەر چىن بەگلىكىنى رۇڭ قەبىلىسى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايتى.③ ھەتتا چىن بەگلىكىدىكى رۇڭلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 770-يىلى جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خاۋجىڭغا (شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىدە) ھۇجۇم قىلىپ جۇ سۇلالىسىنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىپ، پايتەختنى شەرقتىكى لوياڭغا كۆچۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان.④ مانا مۇشۇ پاكىتلارغا ئاساسەن يۇقىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرى تەرىپىدىن «رۇڭ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ئاتالغۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»دە تىلغا ئېلىنغان «(ئۇ) رۇمخان» ئاتالغۇسى بىلەن بىر ئاتالغۇ (مەنىداش) دەپ ھېسابلايمىز.

«خەننامە: غەربىي رايون تەزكىرىسى»دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭ رايونى تەۋەسىدىكى 36 بەگلىك دۆلىتى ئىچىدە لۇنتۇ (仑头 رۇمتاي—بۇگۇردە)، ۋۇلى (乌垒 ئۇرۇم—بۇگۇردە)، يۇلى (尉犁 ئۇرۇم—لوپنۇردا)، رۇچياڭ (若羌 رۇم-چياڭ—چارقىلىق)، رۇڭلۇ (戊雷 رۇملار—كېرىيەدە)، ۋۇلى (尤雷 ئۇرۇم—قەشقەر يېڭىشەھەردە) قاتارلىق يەرلەرنىڭ نامى رۇم ياكى ئۇرۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنغان بۇ ناملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئالدىدا «ئۇ» ياكى «ئۇ» ھەرپى بار، بەزىلىرىدە يوق. بۇنداق بولۇشى، بەزى تۈركىي تىللاردا ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان ئايرىم سۆزلەر ئالدىغا سوزۇق تاۋۇشتىن بىرنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئادىتى بار، مەسىلەن: ئۇرۇم بىلەن رۇم ئوخشاش، ئوغۇز بىلەن غۇز ئوخشاش. نوغاي تىلىدىكى ئۇتۇز بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇز، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆكۈز بىلەن سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى قۇس بىر خىل مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى

① ئابدۇقېيۇم خوجا تۇرسۇن ئايۇپ ئىسرائىل يۈسۈپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دىكى كىچىك لۇغەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

② «سىخەي» (辞海) «مىللەتلەر قىسمى» 1985-يىل 3-نەشرى 114-115-بەتلەر.

③ لىن خەندا: «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر ھەققىدە ھېكايىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل 1-نەشرى 62-بەت.

④ لىن خەندا: «چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ھېكايىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 1-نەشرى 8-بەت.

تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇلى، يۇلى، ۋۇلى، رۇك، لۇن دېگەن سۆزلەرمۇ مەزكۇر ماقالىمىزدىكى رۇم ياكى ئۇرۇم ئاتالغۇلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمىز.

قەدىمكى دەۋرلەردە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى، ئالتاي ئېتەكلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا بىر مەزگىل «ساك» دەپ ئاتىلىدىغان قەۋم ياشىغان بولۇپ، ئۇلار ئىلگىرى گەنسۇنىڭ غەربى تەرىپىدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ئىدى. ئۇلار «يۇنرۇك» (允戎) دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن ياۋچىلار تەرىپىدىن قوغلىنىپ غەرپكە كۆچكەن.① بۇ يەردە سۆزلەنگەن «يۇنرۇك» سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇنرۇم ياكى ئۇرۇم سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەلەپپۇزى دەپ قارىساق ئانچە خاتا بولماسلىقى مۇمكىن. يۇقىرىدا سۆزلەنگەن «ساك» ناملىق ئۇرۇملار ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئېتنىك تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «ئوغۇزنامە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇرۇمخاننىڭ بىر قېرىندىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇرۇسبەگ ئىدى. ئۇرۇسبەگ ئوغلىنى... ئوغۇز خاقانغا... ئىخ سەن مېنىڭ خاقانىمسەن... بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز سېنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇقىدىن... شۇنىڭغا ئۇنىڭ ئېتىنى ساقلاپ قويدى» دېگەن جۈملەلەر بولۇپ، بۇنىڭدىكى «ئورۇسبەگ» بىلەن «ساقلاپ» «ئورۇسلار» بىلەن «سىلاۋيانلار»نى بىلدۈرمەيدۇ. داستاندىكى «بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز سېنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇقىدىن» دېگەن مىسرالاردىن قارىغاندا، ئورۇسبەگ بىلەن ساقلاپ ئوغۇزخان ياكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. داستاندا ئېيتىلغان «ئورۇسبەگ» بۇنىڭدىن 2000 يىل مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بەگلىك دۆلىتى بولۇپ، تارىختا «ئائورسى» (奄蔡) ياكى ئالانلار دەپ ئاتالغان. «ئائورسى بەگلىكى، قانقىل بەگلىكىنىڭ 2000 چاقىرىم غەربىي شىمالىغا جايلاشقان كۆچمەن ئەل بولۇپ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قانقىللار بىلەن ئوخشاش. ئۇ ئون تۈمەندىن ئارتۇق ئەسكىرى بار. ئۇرنى چەكسىز كەتكەن كۆل بويىغا جايلاشقان. بۇ بەلكىم شىمالي دېڭىز (كاسپى دېڭىز) بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئېنىق ئالدى بىلەن سىماچيەننىڭ «تارىخنامە: پەرغانە تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان. جۇڭگونىڭ يەنە بەزىبىر تارىخىي مەنبەلىرىدە «ئاسۇ» (阿速) دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ قەبىلە سۇي ـ تاڭ دەۋرلىرىدە تېلى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئوغۇزخاننىڭ ئالا ـ يونتلو (تاغخاننىڭ بالىسى) ناملىق بىر نەۋرىسى بولۇپ، بۇ بەلكىم ئالان قەبىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، ئوغۇزخاننىڭ ئورۇسبەگ بىلەن بىر دەرەخنىڭ ئۇرۇقى ياكى ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئورۇسبەگ تۈركىي قەبىلىلەرگە مەنسۇپ ئۇرۇق دەپ قارالسا ئانچە خاتا بول-

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل 1 ـ نەشرى 1 ـ كىتاب 20 ـ بەت.

ماس دەپ قارايمەن.

ئۇرۇسبەگنىڭ ئوغلى بولغان ساقلاپمۇ، ئۇيغۇر ياكى تۈركىي خەلقلەر بىلەن قېرىنداشلىقى بولغان ياكى ئۇلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ بىرى ساقلارنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردا ساقلارنىڭ تارقالغان جايى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، غەربتە كاسپىي دېڭىز ساھىللىرىدىن، شەرقتە گەنسۇ ۋە شەنشىنىڭ غەربىي تەرەپلىرىگىچە، شىمالدا بايقال، ئورخۇن، يەنسەي دەريا ۋادىلىرىغىچە، جەنۇبتا ھىندىستانغىچە تارقالغان. ئۇلارنىڭ ئاتىلىشىمۇ ھەر خىل بولغان. قەدىمكى گرېكلەر ئۇلارنى سىكتاي، سىكتىيان، سىكىف دېگەن ناملار بىلەن ئاتىسا، قەدىمكى ئىرانلىقلار ساك، ساكا دېگەن ناملار بىلەن ئاتىغان. ھىندىستانلىقلار ساكيا دېگەن نام بىلەن ئاتىسا، جۇڭگودا سەيجۇڭ دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر ياكى تۈركىي خەلقلەر ئۇلارنى ساق، ساقلاپ دەپ ئاتىغان. قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ نام ساكلارنىڭ خانى سكولوتونىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، سىكتاي ياكى سىكتىيان دېيىش گرېكلارنىڭ ئادىتى ئىكەن.① سكولوتو دېگەن سۆز «ئوغۇزنامە»دىكى ساقلاپ دېگەن سۆزگە ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. «تارىخ» تا سۆزلەنگەن مىدىيە پادىشاھى كۇئاكسارىس بالىلىرىنىڭ بەزىلىرىگە سىكتىيەلىكلەرنىڭ تىلىنى ۋە مەرگەنلىك ماھارىتىنى ئۆگىنىشنى تاپشۇردى.② دېگەن جۈملىدىن بىز ساقلارنىڭ ئايرىم تىلى بار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. كېيىنچە ئۇلار ئۆزلىرى ياشىغان يەرلەردىكى خەلقلەر بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن. يەنە ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ساقلار كاسپىي دېڭىزنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي شىمالىدىمۇ ياشىغان بولۇپ، ئۇلار يەككە ھالدا ياكى يۇنانلىقلار بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن پارسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، كۆپ قېتىم ئۇلارنى يەڭگەن. ئىراننىڭ ھازىرقى شىرازىنىڭ شەرقىي شىمالىدا تېپىلغان قەدىمكى پارسلارنىڭ پادىشاھى دارا (دارىئۇس) ئۈچۈن تىكلەنگەن نەقشى رۇستەم تاش ئابىدىسىدە مىق يېزىق بىلەن ساكلارنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ گۇرۇھىنىڭ ناملىرى ئويۇلغان: بىرىنچى، نەزىر - چىراق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان ئۆسۈملۈكنى ئېلىپ يۈرىدىغان ساكلار (Saka Haumavarga)، بۇلار پەرغانە ئويمانلىقى، پامىر ۋە ئالاي تاغلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقان. ئىككىنچى، ئۇچلۇق قالپاق كىيىدىغان ساكلار (Saka TigrqHauda)، بۇلار قىرغىزىستان، جەنۇبىي قازاقىستان يايلاقلىرىدىن، پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، تاشكەنت، تەڭرىتاغ ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ، تالاس دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا ئورۇنلاشقان. ئۈچىنچى، دەريانىڭ نېرى ياقىسىدىكى ساكلار

①② ھىرودوت: «تارىخ» سودا نەشرىياتى 1985 - يىلى بېيجىڭ 5 - باسمىسى 1 - كىتاب 4 - بۆلۈم 267 - بەت.

بۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى، ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي (Saka Tyaitaradraya) جەنۇبى، سوغدىيانا قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىراننىڭ غەربىدىكى كىرمانشاھنىڭ شەرقى تەرىپىگە جايلاشقان خارابىزارلىقتىن دارا ئۈچۈن تىكلەنگەن بىھىستون تاش ئابىدىسىدىمۇ ساكلارنىڭ قۇرغان دۆلەتلىرى توغرىسىدا خاتىرە ئۇيۇلغان. 1983 - يىلى يازدا كونەس ناھىيىسى تەۋەسىدىن ساكلارغا ئائىت بىر مۇنچە مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بېشىغا ئۈچلۈك ئىلمەك ئىگىز قالپاق كىيگەن، قولىدا پىچاق ياكى شەمشەر تۇتۇپ تۇرغاندەك... قاڭشارلىق، ساقاللىق مىستىن ياسالغان لەشكەرنىڭ ھەيكىلى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇرۇن لوپنۇر رايونىدا قېزىلغان بىر قەۋرىدە جەسەت ساندۇق ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، جەسەتنىڭ بېشىغا ئۈچلۈك كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن، قالپاققا پەي قىستۇرۇلغان. بەدىنى پالاز بىلەن ئورالغان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. ھەربىر جەسەتكە چاكاندا شاخلىرى تۈگۈنچەك قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنى خۇاڭ ۋېنبى، ستەيىن، بېرگمان قاتارلىقلار لوپنۇرغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىمۇ ئۇچراتقان. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن ۋاقتى بۇنىڭدىن 3800 يىل (بۇرۇن 6412 يىل ئىلگىرى دېيىلگەن) ئىلگىرىكى جەسەتنى قېزىپ چىقارغاندىمۇ، جەسەتنىڭ كۆمۈلۈش ئەھۋالىرى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، جەسەتلەرگە چاكاندا شېخى تۇمار قىلىنغان.

يۇنانىنىڭ بەزى كلاسسىك ئەسەرلىرىدە ساكلارنىڭ Saracae, Sagaraukai, Sakaurakai, Sarakaulai, Sakaraukai, Sacaraucae①دېگەن نامىلىرى بولۇپ، بۇ ناملار ساكا ئۇيغۇر دېگەن سۆزگە تولىمۇ يېقىن كېلىدۇ. پارسلارنىڭ «ئاۋېستا» ناملىق كىتابىدا، ئارىيانلارنىڭ قارشى تەرىپىدە كۆچمەن تۇرانلار بار دېيىلگەن.② ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ قوشۇنى شەرققە يۈرۈش قىلىپ سىر دەرياسى بويىدا ساكلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ساكلار بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ، سىر دەريا بويىدىكى ئۇرۇش بولغان يەرنى «ئالتۇنقان»، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلارنى تۈرك دېگەن.③ ئىككى تەرەپنىڭ سۈلھى قىلىشقانلىقى ھەر ئىككى مەلۇماتتا بېردەك. ئەلشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىدا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى «ئادالەتلىك پادىشاھ» ئوبرازىدا يارىتىپ، خاقانى چىن بىلەن سۈلھى قىلىشىپ دوستلۇق ئورناتقانلىقىدىن ئىبارەت

---

①، ② ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1980 - يىل 1 - نەشرى 1 - كىتاب 41، 50 - بەتلەر.

③ مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 122 - بەت

ۋەقەلىكنى يېزىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بايان قىلغان. يار-كەنتلىك ئەدىب موللا سىدىق ياركەندى ناۋايىنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرىگە ئاساسەن «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىنبەگ»نى يېزىپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ خاقانى چىن بىلەن سۇلھىگە كېلىپ مېھرىناز ناملىق ساھىپجامال بىلەن بولغان مۇھەببىتىنى تەسۋىرلىگەن.

لىنا دەرياسى بويىدىكى ياكوتىسكى ۋە يىراق شەرقتە ياشايدىغان ياقۇتلار ئۆزىنى «ساخا»لار دەپ ئاتايدىكەن. ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە، ئۇلار ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنسەي دەريا ۋادىلىرى ۋە بايقال كۆلى ئەتراپىدا ياشايدىغان تۈركىي قەبىلە بولۇپ، 13 - ئەسىردە كۆچەيگەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ قىستىشى بىلەن ھازىر تۇ-رۇۋاتقان يەرلەرگە كۆچكەن ئىكەن. «ياقۇت» دېگەن نامىمۇ شۇ يەرلەرنىڭ ئەسلى يەرلىك ئاھالىسى بولغان تۇنگۇس قەبىلىلىرى بەرگەن ئىكەن. تىلشۇناسلار ئۇلارنىڭ ئەسلى تىل تەۋەلىكىنى تۈركىي تىللارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر - ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىر-گۈزىدۇ.① «ساقا» بىلەن ساخا ئوخشاش سۆزلۈك بولۇپ، بەزى تۈركىي تىللاردا «ق» بىلەن «خ» ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: «ساخال» (ساقال)، «خوزۇرۇق» (قۇيرۇق)، «خار» (قار) دېگەنلەرگە ئوخشاش. «ساق» ياكى «ساقا» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇيغۇر تىلىدىكى «بالا - چاقا» دېگەن قوش سۆزلەر بىلەن مۇناسى-ۋەتلىك بولۇپ، «بالا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز (ساقا)نىڭ تۈركمەن، ئەزەربەيجان، ئۆزبېك تىللىرىدا مۇستەقىل ئىشلىتىدىغان شاغا (چاقا)، چاغا سۆزلىرى بىلەن يىلتىزى بىر ئىكەنلىكىنى تىلشۇناسلار ئىسپاتلاپ چىققان.② شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن ئىلگىرى دۇنخۇاڭ ۋەتۇرپان تەرەپلەردىن ئافغانىستان قاتار-لىق ئەللەرگە كۆچۈپ كەتكەن ھەم شۇ يەرلەردە بۈيۈك كوشان ئىمپېرىيىسىنى قۇر-غان ياۋچى قاتارلىق خەلقلەرنى، جۇڭگونىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە «سەيجۇڭ» (ساك) دەپ ئاتىغان. ئانا ماكانىمىزدا ساقلىنىپ قالغان ئىككىساق، بەيساق، ئوغۇساق، توققۇزاق، ساقساق، ساقاغۇ، شاچې (莎车 — يەركەن) قاتارلىق يەر - جاي نامىلىرىمۇ «ساق» ياكى ساقا سۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە دۇنيا تارىخىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. مەسىلەن: ئاسىيادا جۇڭگونىڭ رۇملار قە-بىلىلىرى قۇرغان چىن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، خەن سۇلالىسى تىكلەندى. جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدا ھونلار باش كۆتۈرۈپ، غەربىي رايوندىكى قەبىلە ۋە

① ن باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى 356 - بەت. ئى تېنىشىۋ: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1982 - يىل 2 - باسمىسى 258 — 261 - بەتلەر.

② غ سەيدىۋاقاسوۋ، ت. تالىپوۋلار تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 1 - كىتاب لېكسىكا ۋە فونېتىكا قىسمى قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى ئالمۇتا 1963 - يىل نەشرىدىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل 1 - باسمىسى 5 - بەت.

ئەللەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاسىيادىكى بۈيۈك ئىمپېرىيەگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلەردە ياشايدىغان رۇم، ساك، ياۋچى، ئۇيسۇن، ھەتتا ھونلارمۇ بارا - بارا غەربكە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى. ياۋروپادا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ھەم خىرىستىيان دىنىنىڭ دۇنياغا كېلىپ، ئەتراپقا كېڭىيىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر نەتىجىسىدە رۇم، چىن، ساك ئاتالغۇلىرىمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدىن كۆچۈپ، تېخىمۇ غەربكە قاراپ سىلجىپ رىم ئىمپېرىيىسى بېسىۋالغان يەرلەرنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالدى. چىن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ شىمالى، غەربىي شىمالى ۋە غەربىدىكى يەرلەر ۋە خەلقلەرنى رۇم (戎)، چىن، ساك (秦) دەپ ئاتىغان بولسا، خەن سۇلالىسى تىكلەنگەندىن كېيىن شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى يەرلەرنى يۇقىرىدىكى ناملار بىلەن ئاتايدىغان بولدى. بولۇپمۇ جاڭچيەن غەربىي رايونغا سەپەر قىلىپ، غەربىي ئەللەر توغرىسىدا بىر قاتار مەلۇماتلارنى بەرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى بۇ يەرلەر توغرۇلۇق ئاز - تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، غەربىي رايوندىكى 36 بەگلىك دۆلەتى، باكتېرىيە، ئارساك، قانقىل دۆلىتى، ئائورسى ۋە غەربىي ئاسىيادىكى رىم (大秦) ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق بەزى يەرلەرنىڭ ناملىرى ۋە ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بەزى قىسقىچە تەپسىراتلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرغانىدى. مىلادىيىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى تەرىپىدىن بۈيۈك چىن (大秦) دەپ ئاتالغان رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنلىرى غەربىي ئەللەر خەلقلىرى تەرىپىدىن رۇم دەپ ئاتىلاتتى. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەر چىن دەپ ئاتىلاتتى. مەسىلەن: مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان جايلارنى يۇقىرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن دەپ ئۈچكە بۆلگەن ئىدى.① بۇ ناملار ھازىرغىچە بورچىن، لوكچىن (ئۇلۇغچىن)، قورچىن، ئاقسايچىن، ئۈرۈمچىن (ئۈرۈمچى)، چىنگىل، دوربىلجىن، شامالقىرچىن، لەمجىن، قاراماچىن، يانتاقچىن، ماچىن (چىڭخەيدىكى بىر ناھىيە)، ئانىماچىن (شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدا) دەپ ساقلىنىپ، بەزى يەرلەرنىڭ نامى بولۇپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنلىرى نېمە ئۈچۈن رىم ياكى رۇم نامى بىلەن ئاتىلىپ قالدى؟ بۇنىڭ مەزكۇر ماقالىمىزدا بايان قىلىۋاتقان رۇڭ ياكى رۇم ئاتالغۇسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟ بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى.

جۇڭگونىڭ «ۋېي ھەققىدە قىسقىچە بايان: غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دە، بۈيۈك چىن(大秦) توغرۇلۇق ئاز - تولا مەلۇمات بېرىدۇ، ئەمما كۆپ ئەھۋاللار يوق. «چەت ئەل يەر - جاي ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» دىكى «رىم» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇمات بار: ئالبالونگا كىنەزىنىڭ مەلىكىسى

① مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 92 - بەت.

ھېلمۇتيە بىلەن يۇنان ئۇرۇش ئىلاھى مارس توي قىلىشىپ، بىر جۈپ قوشكېزەك بالا تۇغۇلۇپتۇ. ھېلمۇتيەنىڭ تاغىسى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، بالىلارنىڭ ئاپىسىنى قەتلى قىلىپ، بالىلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىپ، ئۇلارنى سېۋەتكە سېلىپ تىبىر دەرياسىغا غەرق قىلىۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ. بالىلار بەختكە يارىشا ئۆلمەي، بىر قىرغاققا چىقىپ قاپتۇ. ئۇلارنى بىر چىشى بۆرى ئۆز سۈتىنى بېرىپ بېقىۋاپتۇ. كېيىنرەك كىنەزنىڭ چاكىرى بۇ بالىلارنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ بېقىۋاپتۇ ھەم بۇ بالىلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمىنى رومۇلۇس، يەنە بىرىنىڭكىنى رېمۇس دەپ قويۇپتۇ. بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن ئامۇرسنى ئۆلتۈرۈپ، تىبىر دەرياسى بويىغا شەھەر قۇرۇپتۇ. شەھەرگە نام قويۇش مەسىلىسىدە بۇ قوشكېزەك بالىلار جېدەللىشىپ، رومۇلۇس رېمۇسنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، شەھەرنى ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتاپتۇ. شەھەرنىڭ پۈتكەن كۈنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 753 - يىلى 31 - ئىيۇن ئىكەن.① (بۇ دەۋر ئەلۋەتتە، رۇڭلاردىن تەركىب تاپقان چىن بەگلىكىنىڭ غەربىي جۇ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن ۋاقىتلارغا يېقىن كېلىدۇ).

ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدە رىم سەنئەتكارلىرى بۇ مېھرىبان بۆرىنىڭ ئادەمزات بالىسىدىن ئىككىنى ئېمىتىپ تۇرغان ھەيكىلىنى رىم شەھىرىگە قاتۇرۇپ قويۇشقان ئىكەن. بۇ ھازىرغىچە رىمنىڭ شەھەر سىمۋولى بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. يۇقىرىدىكى رىۋايەت تۈركىي ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ «بۆرى ئەپسانىسى» تۇغرىسىدىكى رىۋايەتلىرىنىڭ ۋارىيانتلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلىرىنىڭ «بۆرى ئەپسانىسى» دىمۇ، پۇت - قوللىرى كېسىپ تاشلانغان بالا سازلىقتا تاشلىۋېتىلگەندە بىر چىشى بۆرى كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ بېقىۋالغانلىقى ھەم ئۇنىڭ بىلەن جۈپلىشىپ ھامىلدار بولغانلىقى، قۇچۇنىڭ شىمالىدا ئون بالا تۇغقانلىقى، تۈركلەرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن كۆپەيگەنلىكى② رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «غازنىڭ رىدىلىقلارنى قۇتقۇزۇشى»③ دېگەن رىۋايەت بىلەن ئاپار بەگنىڭ (ئاپاگېو) نەۋرىلىرىدىن بىرىنىڭ ياۋا غازغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكى④ ھەققىدىكى ئەپسانىمۇ ئاساسەن ئوخشاش. بۇ رىۋايەت - ئەپسانىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئادەم، بۆرى، غاز باش تېما قىلىنغان. بۇنداق ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە ھەر خىل ۋارىيانت شەكلىدە تارقىلىپ يۈرۈشىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىن تارتىپ ئاسىيا

① شاۋشەنتۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «چەت ئەل يەر - جايلىرىنىڭ ئېتمولوگىيىلىك لۇغىتى» شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1983 - يىل 1 - نەشرى 263 - بەت.

② شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل 1 - نەشرى 114 - بەت.

③ ليۇجەۋنىي: «قەدىمكى رىم مەدەنىيىتى» سودا نەشرىياتى 1982 - يىل 1 - نەشرى 4 - بەت.

④ شۆزۈگچىڭ «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1986 - يىل 1 - سان 117 - بەت

ۋە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا سۇ ۋە يايلاق قوغلۇشۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ھاياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قازاقىستاننىڭ شىمالىدىكى بوتا ئۈستى ئوچۇق كان رايونى ئەتراپىدىن تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئاھالىلار رايونىدىن بىرنى تاپقان. بۇ قەدىمكى ئاھالىلار رايونىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي بۇيۇملار 60 مىڭ خىلغا يېقىن بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ تارقالغان جايى بىر قەدەر كەڭ، ساقلانغان ئاسارە - ئەتىقىلەر زىيان - زەخمەتسىز ئىكەن. ئاكادېمىك ئوكلادنىكوۋ بۇ ئاسارە - ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، بۇنى «يېرىم ئورمانلىق يېرىم يايلاق تىپىدىكى ئاسىيا سىمۋوللۇق يېڭى قەدىمكى ئىز» دەپ ئېيتقان.

تەتقىقاتچىلار، بوتالىقلارنىڭ بۇنىڭدىن 5000 يىل ئىلگىرىلا ئائىلە ھايۋانلىرىنى باققانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. تېپىلغان ئات نوختىسىغا قاراپ، ئاتنىڭ شۇ يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ئۇلاق كۈچى قاتارىدا ئىشلىتىلگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ تۇنجى تۆركۈم ئات - ھارۋىلار مۇشۇ يايلاقلاردا پەيدا بولۇپ، كېيىنچە ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزلىرىمۇ ئىسپاتلانغان («ئوغۇزنامە»دىكى قانقىلىنىڭ [ ھارۋىنىڭ ] ئىجاد قىلىنىشىغا سېلىشتۇرۇڭ). بۇ نۆۋەت تېپىلغان قەدىمكى ئىز، ئاندىرونوۋ مەدەنىيەت (سىبىرىيىنىڭ تۇچ مەدەنىيىتى) دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئىزلارنىڭ قالدۇقلىرى ئالتايدىن تارتىپ كارپات تاغلىرىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممە يېرىدە تېپىلغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن تېپىلغان قەدىمكى ئاھالىلار رايونى بىرنەچچە ئېغىز ئۆيدىن تۈزۈلگەن كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قونالغۇلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بوتا «بازىرى»دىن 200 ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆي تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، سىبىرىيىنىڭ غەربىي جەنۇبى، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى مىنۇسىنىسكى تۈزلەڭلىكىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قارا سۇ (قارا سۇغ) دەرياسى ۋادىسىدىمۇ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللاردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللارغا مەنسۇپ بولغان مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلغان بولۇپ، تارقالغان جايى بىر قەدەر كەڭ، يەنى ئالتاي، بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغىچە يەتكەن. تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى شاڭ ۋە جۇ دەۋرلىرىگە ئائىت يادىكارلىقلار بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن قەدىمكى دەۋرلەرگە ئائىت بولغان بەزى ناملار ۋە بۇ ناملارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلارنىڭ ئوخشاش بولۇشى ياكى ئوخشاپ قېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەر ۋە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر سۇ ۋە يايلاق قوغلىشىش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ياۋرو - ئاسىيا قۇرۇقلۇقى ۋە يايلاقلىرىدا كەڭ تۈردە ھەرىكەتلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنىمۇ ھەرقايسى جايلارغا بىرگە ئېلىپ بېرىشى ھەم شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن بىرلىشىپ يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلغانلىقى

سەۋەبىدىن بىر خىل مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى كېلىپ چىققان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

رۇم ياكى ئۇرۇم ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسىنى سۈرۈشتۈرگەندە، تۆۋەندىكى ئىككى خىل خەلق ئىككى خىل تەبىر بەرگەن. بىرى تۈركىي تىللارنىڭ قازاق تىلىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇرۇق - پۇشتى»، «ئۇران - جۇران» ياكى «ئەۋلاد» دېگەن سۆزلەرگە توغرا كېلىدىغان «ئۇرىم - بۇتاق» سۆزى (ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇرۇمچى» سۆزى قازاق تىلىدا «ئۈرىمچى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)، يەنە بىر خىل تەبىر سىگانلارنىڭ تىلىدىكى «رۇم» سۆزىنىڭ تەبىرى بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بىزنىڭ تىلىمىزدا «كىشى»، «ئىنسان»، «ئادەم» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدىكەن. سىگانلار ھەم ئۆزىنى «رۇملار» دەپ ئاتايدىكەن.① بۇ ئىككى خىل خەلقنىڭ ئىككى خىل تىلىدىكى سۆزلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساق، گەرچە ئۇلارنىڭ شەكلى ھەر خىل بولسىمۇ، مەنا جەھەتتىن تومۇرداش بولۇپ، مەلۇم تەپەككۇر قابىلىيىتىگە ئىگە، سۆزلىيەلەيدىغان ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان ئادەمدىن ئىبارەت شەيئىگە بېرىلگەن ئوخشاش بولمىغان ئىستېمالدىكى بىر خىل ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. سىگانلار مەسىلىسىگە كەلسەك، قەدىمكى دەۋرلەردە جۇڭگونىڭ غەربى ۋە غەربىي شىمالىدا ياشاپ، كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىگە كۆچۈپ كەتكەن ياكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ساكلار بىلەن مۇناسىۋىتى زادى قانچىلىك، بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

خۇلاسىلىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دىكى «ئۇرۇمخان» ئاتالغۇسى ئەنە شۇ يىراق قەدىمكى زامان ۋە كەڭ ماكانلاردا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ۋەقەلەرگە باغلىنىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. تۈركىي تىللاردىكى «ئۇرۇمخان» ياكى «رۇمخان» ۋە «ساقا» ئاتالغۇلىرى تارىخىي ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاشلا بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە پۈتۈلگەن «رۇڭ» (戎)، ئۇيغۇر ياكى باشقا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ كلاسسىك داستان - رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلەنگەن «رۇم» ياكى «ئۇرۇم» بىلەن بىر خىل مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى، شۇنداقلا جەنۇبىي ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى ئۇرۇق - قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى نامىدىن ئىبارەت. سىگان تىلىدىكى «رۇم» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسىمۇ تۈركىي تىللاردىكى «رۇم» ياكى «ئۇرۇم» ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش ئۇقۇم بولۇپ، بەلكىم ئۆز دەۋرىدە سىگانلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ساكلارنىڭ تەركىبىي قىسمى ياكى «رۇم» ئۇرۇق - قەبىلىلىرىگە قاتنىشىپ، كېيىنچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

① جاۋجىڭيوەن: «دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگىچە سەرگەردان بولغان سىگانلار» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1982 - يىل 1 - نەشرى 2 - بەت.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئېتنوگرافىيە

رەۋەيدۇللا

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى ئۆگىنىشتىمۇ بىزنى ئىنتايىن ئىشەنچلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«دىۋان» دا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، كىيىم-كېچەك، ھۈنەر-سەنئەت، يېمەك-ئىچمەك ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش يوللىرى، مىللىي ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى، زىننەت بويۇملىرى قاتارلىقلار جانلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن.

× × ×

«دىۋان» دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە دائىر نۇرغۇن سۆز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

تارتىن (1، 567) - «سۇنۇلغان ئاش، باشقا ئۆيدىن كىرگەن تاماق، بىرەر سەۋەب بىلەن كەلگەن تاۋاق» بۇ ئادەت ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلەردىن بىرى. ئېيتايلى، (1) قوشنىلاردىن بىرەرسى ئوبدانراق تاماق ئەتكەن كۈنلىرى ئۆز قوشنىسىنى شۇ تاماقتىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، تاماق كىرگۈزىدۇ. تاماق كىرگۈزۈلگەن قاچا قاچانلا بولسۇن قۇرۇق قايتماي تاماق بىلەن قايتىدۇ. (2) بىرەر ئائىلىدە تۇغۇتلۇق ئايال بولسا، قولۇم-قوشنىلار، يىراق-يېقىندىكى ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەر تاۋاق قىلىپ كېلىپ، ئۇنى يوقلايدۇ ياكى تاۋاق كىرگۈزىدۇ. (3) ئۇيغۇرلاردا بىرەر ئائىلە ھازىدار بولۇپ قالغاندا ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە ۋە قولۇم-قوشنىلار شۇ ئائىلىگە تاۋاق كىرگۈزىدۇ.

ئۇماي (1، 167) - «ئۇماي، ئەش، ھەمراھ، ئاياللار تۇغقاندا بالىدىن كېيىن چۈشىدىغان نەرسە» بۇ سۆزنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن «ئۇمايقا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر» (ئەشكە تېۋىنسا ئوغۇل تاپار) دېگەن ماقالىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ «ئەشكە ئولتۇرۇش» ئادىتىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت. ئۇيغۇرلاردا ئاياللىنىڭ تۇغماس

بولۇپ قېلىشى ئەيىپ سانىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايال تۇغۇش-پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك سەۋەبلەرنى قىلاتتى؛ ئۆزىنى تۇۋىپلارغا كۆرسىتەتتى، دورا يەيتتى؛ ئانىلانى سېغىنىپ مازار-ماشايىقلارغا بېرىپ يىغلايتتى، سەدىقىلەر بېرەتتى. ئۆزىنى داخان، پېرىخونلارغا ئوقۇتاتتى، بۆۋىلەرگە بېلىنى تاڭدۇراتتى، يۇقىرىقىدەك «سەۋەب» لەر كار قىلمىسا، ئەڭ ئاخىرىدا يېڭى تۇغقان ئايالنىڭ ئىسسىق ئىشتىنى سوردۇۋېلىپ ئۈنىڭغا ئولتۇراتتى. چۈنكى ئۇ ئايالدا «ئەشكە ئولتۇرسام چوقۇم تۇغىمەن» دېگەن ئەقىدە كۈچلۈك بولاتتى.

قابىرچاق (1. 652)-«ساندۇق، بۇ سۆز كۆپىنچە ئۆلۈك سالىدىغان ساندۇقنى بىلدۈرىدۇ»، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن خېلى ۋاقىتقىچە ئۆلۈكنى ساندۇققا سېلىپ كۆمۈش ئادىتى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: (1) قاراخانىلار دەۋرىدە خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ شەھىت بولغان ئارسلان تېكىننىڭ جەسىدى يوپۇرغا ئوردا خېنىمغا، بېشى قەشقەر دۆلەتباغقا ساندۇق بىلەن دەپنە قىلىنغانلىقى. (2) بىرنەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە قەدىمكى قەبرىلەردىن ساندۇق بىلەن چىققان جەسەتلەر. (3) لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دۆڭخوتان قاتارلىق رايونلىرىدا بۇرۇنقى زامانلاردا جەسەتنى توغراقنىڭ كاۋىكىغا كۆمۈش (بۇمۇ جەسەتنى ساندۇققا سېلىپ كۆمۈش بىلەن بارا-ۋەر ئىدى). (4) تۈركىيىدە جەسەتنى ساندۇققا سېلىپ دەپنە قىلىش-مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاردا جەسەتنى ساندۇققا سېلىپ كۆمۈش ئادىتى بولغانلىقىنى ئىسپات-لايدۇ.

پەچەل (1. 510)-«سۈننەت قىلىنغان خوتۇن، ئاختا قىلىنغان ئەركەك، پىچىپ تاشلانغان ئات ۋە باشقا ھايۋانلار». يۇقىرىقى سۆزلەردىن تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى زامانلاردا ئەركەكلەرنى ئاختا قىلىش، خوتۇنلارنى سۈننەت قىلىش ئادىتى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. خوتۇنلارنى سۈننەت قىلىش» ئادىتى ھازىر ئافرىقىنىڭ بەزى دۆلەتلىرىدە ساقلانغان.

كۈدەن (1. 525)—«بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى» ئالاھىدە رەسمىيەتلەر بىلەن بالىغا ئات قويۇش ئادىتى. ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەتلەردىن بىرى. ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ بالا تۇغۇلۇپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆز ئۆيىگە ياشانغان بىر ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ، بالىغا ئات قويۇش رەسمىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. ئات قويغۇچى زاكىلاقلىق بالىنى قولىغا ئېلىپ، قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتىپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلاپ «ئىتىڭىز......بولسۇن» دەپ بالىنى جايىنىمازغا دۇملىتىدۇ. ئات قويۇش رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن، سورۇندا بولغۇچىلار بالىنى مۇبارەكلەيدۇ. ئۆي ئىگىسى سورۇندا ھازىر بولغۇچىلارغا زىياپەت بېرىدۇ. ئات قويغۇچى پۇل ياكى باشقا ماددىي نەرسىلەر بىلەن رازى قىلىنىدۇ.

سۇلۇندى (I · 587) — «ئەر كىشىلەرنىڭ ئارقىغا ساڭگىلىتىۋالىدىغان چېچى». بۇ سۆز ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى زاماندا ئەرلەرنىڭ ساڭگىلىما چاچ قويۇدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئۆلۈكلەر تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

ساۋچى (III · 211) — «ئەلچى، قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ - كېلىپ ئەلچىلىك قىلىدىغان كىشى». ئارقۇچى (I · 191) «تويدا قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يۈرۈدىغان ئەلچى».

تۇزغۇ (I · 553) — «يولغا چىققان تۇغقان ياكى تونۇشلارغا يوللۇق ئۈچۈن بېرىلىدىغان يېمەكلىك». ئۇيغۇرلاردا يوللۇق ئۈچۈن باشقا يېمەكلىكلەردىن باشقا، تولاراق نان ئىشلىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇشىچە، نان - دىدارنىڭ تىمسالى. نان يوللۇق تۇتۇش — دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولسۇن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

لۇچۇت (I · 590) — «لاپقۇت، بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دانلارنى يانچىشتا يېزا خەلقىنىڭ بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشى. ئۇلار ئادەتتە خامان ۋاقتىدا بىر - بىرىگە بىرەر ئۇلاغ بىلەن ياكى ئادەم بىلەن ياردەم بېرىدۇ.

مۇندەرۇ (I · 685) «چىمىلدىق. يېپەك رەختتىن تىكىلگەن كۆشۈگە. بۇنىڭ ئىچىدە كېلىن ئولتۇرىدۇ.»

توقماق (III · 244) — «كىر چىنىنىڭ توقمىقى». بۇ سۆزدىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆز زامانىسىدا كىرنى قايسى ئۇسۇلدا يۇغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئورۇندى (I · 270) — «ئورىدى، پۈركەندى». ئادەم سەللە ئورىدى، خوتۇن پۈركەنچە پۈركەندى، دېگەندەك

قالىما (III · 240) — «بالىخانا». بۇ سۆزدىن ئاتا - بوۋىلىرىمىز شەھەر ھاياتىغا كۆچكەندىن كېيىن بالىخانىلىق ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

سەرۇ (III · 305) — «تەكچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي جابدۇقلىرى قويۇلىدۇ». ئۇيغۇرلاردا ئومۇمەن كېسەكتىن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردە تەكچە بولىدۇ. ئۇ يەرگە نۇرغۇن نەرسە قويغىلى بولىدۇ.

كەزلىك (I · 625) — «خوتۇنلار كېيىملىرىگە تاقايدىغان ياكى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈدىغان كىچىك پىچاق». بۇ، ياندا پىچاق ساقلاش يالغۇز ئەرلەرگە خاس ئادەت بولماستىن، خوتۇن - قىزلارنىڭمۇ ياندا پىچاق ئېلىپ يۈرۈش ئادىتى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پىچىش (I · 475) — «يىرتىش، چوكىلارنىڭ زىياپىتىگە ياكى بۆشۈك تويىغا كەلگەنلەرگە تارتۇق قىلىش ئۈچۈن يىرتىلغان رەخت»

مامۇ (III · 324) — «نىكاھ كېچىسى كېلىن بىللە ئەۋەتىلىدىغان خوتۇن، يەنى يەڭگە». ئەگەت (I · 72) «توي كېچىسى كېلىن بىلەن ئەۋەتىلىدىغان خىزمەتچى خوتۇن، يەڭگە»

مۇندۇرى (I · 641) — «كۆيمۇغۇل بىلەن كېلىنىنىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ چېچىلىدىغان بەزمە».

ئۇلاتۇ (I · 183) — «بۇرۇن ئەرتىدىغان يىپەك قولياغلىق، قويۇندا ساقلىنىدۇ.

× × ×

«دىۋان»دا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرگە دائىر بىر مۇنچە مەلۇماتلار بار. بۇلار خەلقىمىز ئىچىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا. ئۇيغۇرلار گەرچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، بۇ دىن خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان بەزى دىنلارنىڭ، بولۇپمۇ شامان دىنىنىڭ تەسىرلىرى تېخىچە ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

يىغ (III · 195) — «نەزىر. ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ياكى يەتتە كۈنگىچە بېرىلىدىغان ئاش» بۇ ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى «ئۈچ نەزىر»، «يەتتە نەزىر». دېگەن نەزىرلەرنىڭ دەل ئۆزى. باسان (I · 518) «ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن بېرىلىدىغان ئاش. بۇ «نەزىر ئېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

توغىدى (III · 366) — «ئادەمگە شامال دارىدى، يەنى جىن دارىدى». قوۋۇچ (III · 223) — «جىن تەككەنلىك ئەسىرى. بۇنداق ئادەمنى داۋالاشتا يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ تۇرۇپ «قوۋۇچ - قوۋۇچ» دېيىلىدۇ. «ئادراسمان بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ»، قوۋۇز (III · 224) — «جىن تېگىشكە قارشى ئوقۇلىدىغان ئەپسۇن». ئىسرىق (I · 134) — «ئىسرىق، بالىلارنى جىن - ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز. ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەككۈزۈلۈپ «ئىسرىق - ئىسرىق - ھەي جىن، كۆچ -كۆچ! دېيىلىدۇ»، ئارۋاشتى (I · 315) — «ھەممە كاھىنلار ئەپسۇن ئوقۇشتى. باش - كۆزگە چىققان يامان جاراھەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سۈپكۈچ قىلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ». ئارۋادى (I · 373) — «باخشى ئەپسۇن ئوقۇدى» دېگەندەك مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. تۇتۇغلۇق (I · 645) — «جىنلىق يەر. جىن بار يەر، ئۆتكەن كىشىلەرگە جىن چاپلىشىدىغان يەر». يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى «جىن دارىماق»، «ئىسرىق سالماق»، «ئەپسۇن ئوقۇماق»، «سۈپكۈچ»، «باخشى»، «جىن چاپلاشماق» دېگەندەك سۆزلەر تامامەن شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرى. بۇ خىل چۈشەنچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا.

ئىرق (I · 60) — «رەمماللىق، پالچىلىق، بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماق». ئىرقلادى (III · 600) «پال سالدى، رەم باقتى». بۇ سۆزلەر ئۇيغۇرلاردا رەممالىق، پالچىلىق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى

چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا خەلق ئىچىدە «پالچىغا ئىشەنمە، پالسىز يۈرمە» دېگەن ماقال ساقلانغان.

ئەگمت (I · 71) — «داغ چۈشۈشتىن پاكى كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باللارنىڭ يۈزىگە سۈرتىلىدىغان بىر خىل دورا. بۇ دورا زەھەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسىلىدۇ».

بىتىك (I·499) — «تۇمار» ئۇيغۇرلار تۇمارغا قاتتىق ئەقىدە باغلىغان. كۆز تېگىش، تىل تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇمارنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىدۇ، چوڭلارمۇ، باللارمۇ تۇمار ئاسىدۇ. شۇڭا خەلق ئىچىدە مۇنداق قوشاق پەيدا بولغان ۋە ساقلانغان:

سەن قاياقتىن كېلىسەن
چىرايلىقىم كۆزى خۇمار.
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن،
بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار.

× × ×

«دىۋان» دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تاماقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ھەم ئۇ تاماقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىرمۇنچە سۆز ئۇچرايدۇ. بۇ تاماقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىسمى ھازىرقى ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ ئىسمىغا ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ياسىلىش ئۇسۇلى ھازىرقى تاماقلارغا تامامەن ئوخشايدىغانلىقىنى، بەزى تاماقلارنىڭ ئىسمى ۋە ياسىلىش ئۇسۇلى ھازىرقى تاماقلارغا تامامەن ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاپتور بۇ تاماقلارنى چۈشەندۈرگەندە بەزى رىۋايەتلەرنى قىستۇرۇپ كەتكەن. مەسىلەن:

ياپتى (III · 78) ئاپتور بۇ سۆزنى چۈشەندۈرگەندە «خوتۇن تونۇرغا نان ياپتى» دېگەن جۈملىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. ئاپتور يەنە توقۇچ (I·464)، چۆرەك (I·504) سۆزلىرىدىكە «توقاچ» دەپ مەنە بېرىدۇ. كۆۋشەك (I · 626) دېگەن سۆزنى «بولدۇرغان نان» دەپ ئىزاھلىغان بولسا، چوقىن (I·578) دېگەن سۆزنى «ھور ناننىڭ بىر خىلى» دەپ ئىزاھلىغان. كۆمەچ (I · 467) سۆزى «كۈلگە كۆمۈپ پۇشۇرۇلىدىغان نان» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. سىنچۇ (I · 544) سۆزىگە «گىردە بىلەن ھەممەك ئارىسىدا بولغان بىر خىل نان، خۇيلىما نان» دەپ ئىزاھ بەرگەن بولسا، پۇسكەچ (I·590) سۆزىگە «كاكچا» دەپ ئىزاھ بەرگەن. قاتما (I · 564) ۋە يۇغا (III · 34) سۆزلىرىگە «قاتلىما، ياغدا پۇشۇرۇلىدىغان نېپىز نان» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. «دىۋان» دا يەنە تىكۈچ (I · 464) دېگەن سۆزمۇ ئۇچرايدۇ. ئاپتور بۇ سۆزنى «تۆكۈچ،

چەككۈچ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يۇقىرىقى سۆزلەردىن ئان تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىشى، بۇلارنى پۇشۇرۇش ئۈچۈن تونۇر، قاسقان، جىمبىل قاتارلىق سايمانلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ھەتتا چەككۈچ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىمىز.

تۇرمەك (I - 622) — «تۇرمەل». بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرمۇ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان تاماقلىرىدىن بىرى.

سارماچۇق (I-683) «قۇشقاچ تىلى ئاش. سۈيقاشنىڭ بىر تۈرى.» ئۈگرە (I · 171) «سۈيقاشنىڭ بىر تۈرى.» قىيما (III · 239) «قىيما ئۈگرە، سۈيقاشنىڭ بىر تۈرى.» چانچۇ (I · 544)، يۇغۇرغۇچ (I · 642) ئاپتور بۇ سۆزلەرنى «نوغۇچ، خېمىر يايىدىغان ئەسۋاب» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى بىر نەچچە سۆزدىن سۈيقاشنىڭ تۈرلىرىنى، ئۇلارنىڭ ياسىلىشىنى، بۇلار ھازىرقى سۈيقاشىمىزنىڭ ئەينى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

سۇغۇت (I · 462) — «ھېسىپ. ئۈچەي ئىچىگە گۆرۈچ، گۆش ۋە دورا-دەرمەك سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك». سۇقتۇ (I · 543) «ھېسىپنىڭ بىر خىلى. جىگەر بىلەن گۆشكە دورا-دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۈچەيگە تىقىلىدۇ، ئاندىن پۇشۇرۇپ يېيىلىدۇ»؛ يۇقىرىقى سۆزلەردىن ئۇيغۇرلاردىكى ئۆپكە-ھېسىپ ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ھېسىپنىڭ بىر نەچچە تۈرى بولغانلىقى، بۇلارنىڭ ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ياسالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

تۇتماچ (I · 590) — «چۆپ. تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى». بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق: زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قالغان، ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ، «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «بىزنى تۇتما ئاچ» دەپ خىتاب قىلغان ۋە «بىزنى قويۇۋەت، يۇرتلىرىمىزغا كېتەيلى» دېگەن. زۇلقەرنەيىن دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئاخىرى مۇشۇ تاماقنى تاپقان. بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قوساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچكىلى بولىدۇ. تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ بۇنى «تۇتماچ» دەپ ئاتىغان. دېمەك، بۇ تاماق بىزدىكى ئاتۇش چۆپى، قىرغىز چۆپى دەپ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان تاماقلىرىمىزنىڭ دەل ئۆزى.

ئىگلىچ (I · 156) «سامساقتا ئوخشايدىغان بىر خىل تاغ ئوتى، كاۋاپ بىلەن يېيىلىدۇ»؛ تاقىلدى (II · 180) بۇ سۆز «گۆش شىشتا (زىختا) ئۆتكۈزۈلدى» دېگەن جۈملە بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. سۆگلۈنچۈ (III · 333) «كاۋاپ»؛ كۆرپەلەدى (III · 602) «كاۋاپ قىلدى». قاقلىدى. ئۇ قوزىنى قاقلىدى، يەنى يەردە بىر ئورەك كولاپ قوزىنى كاۋاپ قىلدى». يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن كاۋاپنىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىكەنلىكى؛ كاۋاپنىڭ باشقا تۈرلىرى قاتارىدا زىخ كاۋاپ، تونۇر كاۋىپى بولغانلىقى، بۇ كاۋاپ-

لار هازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەينەن ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

قۇۋۇت (III. 223) — «قاغۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇغۇتتا خۇنسىراپ كەتكەن ئايال-لارغا بېرىلىدىغان تاماق. بۇ تاماق قورۇلغان تېرىق ئۇنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارى-لاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ»؛ قاغۇت (I . 528) «تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئاۋۋال قاينىتىلىپ، كېيىن قورۇتۇلىدۇ، ئان-دىن تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ياغ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ».

توپىق (I . 492) «قوينىڭ توپىق سۆڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا».

كۆرشەك (I . 625) «سۆكنى سۇ ياكى سۈتتە قاينىتىپ، ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق».

بۇلدۇنى (I . 640) «ئىچىگە قورۇق ياكى هۆل ئۈزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك».

سۇرۇش (I . 477) چۇرۇش بۇغداي باشقىنى دېنى قېتىشتىن ئىلگىرى ئۈزۈ-ۋېلىپ، ئوتتا پۇچۇلاپ يانچىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك».

بۇلغاما (I . 640) «ياغسىز ۋە تەمسىز بولماق».

قوغۇرماچ (I . 642) «قوماچ، قورۇلغان بۇغداي».

ئېپرۇك (I . 137) «قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى. ئىچى قېتىپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئىچىنى سۈردۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزۈلىدۇ».

بۇخسى (I . 551) «بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى. بۇ يېمەكلىك مۇنداق تەييارلىنىدۇ: قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بولماقنى قۇيۇپ، شۇ پېتى ئىچىلىدۇ».

ياماتا (I . 580) «قۇيماق خېمىرىغا ئوخشاش سۇيۇق قىلىپ چىلىنىدىغان بىر خىل خېمىر. سېمىز توخۇنى ياكى سېمىز گۆشنى قورۇغاندا، ياكى كاۋاپ قىلغاندا، يېغى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا شۇ خېمىر سۈرتۈلىدۇ» هازىر ئۇيغۇرلاردا تونۇر كاۋىپى قىلغاندا گۆشنىڭ يېغى ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇشۇ خىلدىكى خېمىر سۈرتۈلىدۇ.

سىم (III . 187) «بىر خىل تاماق. باش پۇشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇششاق توغرىلىپ، دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قۇيۇلۇپ، سىڭىشكەندىن كېيىن يېيىلىدۇ».

يازۇق (III . 19) «كۆزدە ھەر خىل دورا-دەرمەكلەر بىلەن قورۇتۇپ قويۇلۇپ ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش».

«دىۋان» دا يەنە پىۋا، قىمىز، بوزا قاتارلىق ئىچىملىكلەرنىڭ نامىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قۇملاق (I . 620) قۇلماق قىپچاق يۇرتلىرىدا ئۆسىدىغان، ھەشقىپىچەككە

ئوخشايدىغان بىر ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ شاراپ ياسىلىدۇ». قىمىز (I·474) «تولۇمدا ئېچىتىپ ئىچىلىدىغان يىلقا سۈتى». بۇخسۇم (I·631) «بوزا، تېرىقتىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك». ئاغارتغۇ (III·600) «بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزىغا ئوخشاش ئىچىملىك».

× × ×

«دىۋان» دا ھەر خىل رەڭدىكى تاۋار - دۇردۇن، زەر باپلارنىڭ نامىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

ئاي (I·56) «توق سېرىق رەڭلىك بىر خىل يىپەك رەخت»؛ ئاغى (I·121) «يىپەك رەخت»؛ ئەشكۈرتى (I·197) «چىندا ئىشلەنگەن گۈللۈك يىپەك رەخت»؛ چۇز (I·426) «زەر باپ. چىندا ئىشلەنگەن قىزىل رەڭلىك زەر بېسىلغان يىپەك رەخت»؛ كەس (I·427) «چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت»؛ كەنزى- (I·551) «قىزىل، سېرىق، يېشىل ۋە شۇنىڭدەك رەڭلەردىكى بىر خىل چىن دۇردۇنى»؛ زۇنكۇم (I·136) «چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت»؛ چىناخسى (I·636) «چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل گۈللۈك يىپەك رەخت»؛ تولغاق (II·414) «بىر خىل چىن دۇردۇنى»؛ ياتۇق (III·17) «ئۆرۈشى يۇڭ يىپتىن، ئارقىقى پاختا يىپتىن توقۇلغان رەخت»؛ يولاق (III·21) «يوللۇق، يوللۇق بارچىن؛ يوللۇق يىپەك رەخت»؛ چىت (III·166) «چىت. ئالا - چىپار گۈللۈك چىت رەختى»؛ لوختاي (III·330) «چىنىنىڭ سېرىق تەڭگە گۈللۈك قىزىل يىپەك رەختى»؛ «دىۋان» دا يەنە ئۈزتۈك (I·93) «دەزمال ئەندىۋا شەكلىدە بولىدىغان بىر پارچە تۆمۈر. كىيىمنىڭ چاكلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۇنى قىزىتىپ باسىدۇ»...

يۇقىرىقى سۆزلەر ئۇيغۇرلار قەدىمدىنلا يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيىشنى ۋە ئۇ كىيىملەرنى دەزماللاپ كىيىشنى بىلگەن مەدەنىي خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر نەپىس - ئېسىل رەخت بولمىسا دەزمالغا ھاجەت چۈشمىگەن بولاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئاپتور يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رەختلەرنى ئىزاھلىغاندا «چىن»، «چىندا ئىشلەنگەن» دىگەن سۆزلەرنى ئىشلەتكەن. بۇ، قاراخانىلار دەۋرىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى قويۇق بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

× × ×

«دىۋان»دا ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن پەرداز بۇيۇملىرىغا دائىر بىر مۇنچە سۆز ئۇچرايدۇ. بۇلار ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئەزەلدىن گۈزەللىكنى بەكمۇ سۆيۈدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۆكمەن (I·142) «ئاياللار قولىغا سالىدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا»؛

تولغاغ (420·II) «سۆكە، ھالقا»؛ كۆپە (299·III) «ئاياللار قۇلىقىغا سالىدىغان ھالقىنىڭ بىر خىلى»؛ جىنچو (544·I) «ئۈنچە، مەرۋايىت»؛ بىلەزۈكلەندى (283·III) «خوتۇن بىلەزۈك سالدى». يۈزۈك (22·III) «ئۈزۈك. بارماققا سېلىنىدىغان ئۈزۈك». قوندۇردى (274·II) «ئۇ ئالتۇن ئۈستىگە چەش قوندۇردى»؛ باقان (519·I) «ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا ئوخشىغان نەرسىلەردىن ياسالغان بويۇن ھالقا».

كىمسەن (570·I) «زىننەت ئۈچۈن دوپپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە تاقىلىدىغان ئالتۇن قاداق».

مونچۇق (621·I) «مونچاق. زىننەت ئۈچۈن بويۇنغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاشلار».

بۇت (166·III) «بىر خىل قىممەتلىك، چوڭ يېشىل چەش بولۇپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئوغۇل ۋە قىزلىرى ماڭلىيىغا تاقايدۇ».

سۈزۈك (506·I) «ياقۇت ۋە ياقۇتقا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ «سۈزۈك» دېيىلىدۇ.

يەترۇم (62·III) قويۇلغان، قويۇۋېتىلگەن. بىر قېتىم چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلسۇن دەپ قويۇۋېتىلگەن چاچ»؛ ئۆرگۈچ (129·I) «ئۆرمە چاچ»؛ ئۆڭىك (182·I) «چۈپۈر چاچ». خوتۇنلارنىڭ ئۆچكە چۈپۈرىدىن قىلىنغان ياسىما چېچى، «ئۇلانما چاچ»؛ ئۆڭكلەندى (409·I) «چاچ سالدى».

ئۇپۇ (117·I) ئۇپا.

ئەڭلىك (156·I) «خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق».

يىپلاشتى (141·III) «يىپلاشتى. خوتۇنلار بىر - بىرىنىڭ يۈزىنى يىپلاشتى، بىر-بىرىنىڭ يۈزىگە يىپ سالدى»؛ مەڭدەشتى (544·III) «يىپ سېلىشتى. ئىككى خوتۇن بىر - بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى».

ساچۇلادى (440·III) «چۈچىلىدى. ئۇ، لۆڭگىگە چۈچا بىكىتتى»؛ تۈش (173·III) «ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان، كەمەر تاسمىسىنىڭ ئۇچىغا تاقىلىدىغان توقا.

ئۆڭۈك. (183·I) «پۈپۈك. تەكىيىنىڭ بېشىغا بېكىتىلىدىغان يىپەك جالا».

تىزىلدۇرۇك (686·I) «زىننەت ئۈچۈن ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقىغا تاقىلىدىغان تەڭگىلەر».

دىدىم (516·I) «نىكاھ كېچىسى كېلىنگە كىيدۈرۈلىدىغان ئوتۇغات، تاج»

× × ×

«دىۋان» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇن ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە دائىر بىرمۇنچە سۆز ئۇچرايدۇ. بۇ ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا. مەسلەن؛

سوغدىچ (593·I) «قاتار بەزمە. قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ»؛ سۈرچۈك (624·I) «مەشرەپ. كېچىلىك ئولتۇرۇش»؛ شەنبۈي

(329·III) «قاتار مەشرەپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بېرىدىغان زىياپەت». مەشرەپ
ئۇزۇن زاماندىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزدىن بىرى. قىشنىڭ
ئۇزۇن كېچىلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دوستلار ئارا مەشرەپ ئويۇشتۇ-
رۇلىدۇ. مەشرەپتە يەپ - ئىچىشتىن تاشقىرى ئەڭ مۇھىمى، ناخشا - ئۇسسۇل قاتارلىق
كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەشرەپ ئەدەب - قائىدە بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ.
مەشرەپ - كۆپچىلىك ئۈزى سايلىغان «يىگىت بېشى» تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. سورۇندا
بىرەرسى ئاغزىنى بۇزۇپ ئەدەبسىزلىك قىلسا ياكى ئۇرۇش - جېدەل چىقىرىپ سورۇن-
نىڭ كەيپىياتىنى بۇزسا، باشقىلار ئۇنى يىگىت بېشىغا ئەرز قىلىدۇ. يىگىت بېشى ئۇ-
نى جازالايدۇ. جازانىڭ ئېغىرى ماددىي نەرسە جەرىمانە قويۇش. ئۇنىڭدىن يېنىكرەكى
جازالانغۇچىنى سورۇندىلا يالىڭاچلاپ تامغا «سۈرىتىنى تارتىش». ئۇنىڭدىن قالسا دەم
ئالدۇرماي بىر نەچچە چوڭ چىنە سوغۇقسۇ ئىچكۈزۈش ياكى بىر نەچچە باش خام
پىيازنى يېگۈزۈش. يۇقىرىقىدەك جازالارغا يولۇقماسلىق ئۈچۈن مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى
ئەدەب ساقلايدۇ. كېلەر نۆۋەتلىك مەشرەپنى باشقا بىرى كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا يىگىت
بېشىدىن سورىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەشرەپ قىشچە داۋام قىلىدۇ.

يېپىلادى (421·III) «دارۋازلىق قىلدى. ئارغامچا ئۈستىدە ماڭدى». بۇ، ئۇي-
غۇرلاردا دارۋازلىق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەتەچلىك (205·I) ئاپتور بۇ سۆزنى «ياڭاق ئويناش ئۈچۈن قېزىلغان
ئورەك» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ سۆز كىشىلەرگە يېقىنقى زامانغىچە شەھەر ۋە يېزىلاردا
داۋام قىلىپ كەلگەن «ياڭاق ئويۇنى» نى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئويۇن ھېيتلاردا قىزلار
ۋە ياش جۇۋانلار ئارىسىدا ئوينىلاتتى. بۇ ئويۇننىڭ جەريانى مۇنداق: تام تۈۋىگە
40 - 50 ياڭاق سىغقۇدەك بىر ئورەك قېزىلىدۇ. تامغا بىر پارچە تاختاي يانتۇ قو-
يۇلىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار تاختاينىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن پەسكە قارىتىپ بىردىن
ياڭاقنى دۇمىلىتىدۇ. دۇمۇلانغان ياڭاقنىڭ دۇمۇلاپ بارغان يىرىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا
قاراپ، ئورەككە ياڭاق تاشلاش نۆۋىتى بەلگىلىنىدۇ، شۇنداقلا ئورەك بىلەن ياڭاق ئې-
تىلىدىغان يەر بىلەن ئورەك ئارىلىقى بەلگىلىنىدۇ. ھەر ئادەم ئوخشاش ساندىكى ياڭاق-
نى بىرىنچى بولۇپ ئاتقۇچىغا بېرىدۇ. ياڭاق ئاتقۇچى ئۇچۇمىدىكى ياڭاقنى «جۈپ»
ياكى «تاق» دەپ تۇۋلاپ ئورەككە تاشلايدۇ. «جۈپ» دەپ تۇۋلىغان بولسا ئورەككە
چۈشكەن ياڭاق جۈپ بولسا ئۇتقان بولىدۇ، تاق بولسا ئۇتتۇرغان بولىدۇ. ئۇتقۇچىدا
ئارقا - ئارقىدىن ئېتىش ھوقۇقى بولىدۇ.

تەپۈك (501·I) بۇ «تەپكۈچ، دۈگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۇپۇرىنى
ئۆتكۈزۈپ، باللار تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق». يالڭۇ (518·III) «ئىلەڭگۈچ، گۈلەڭ-
گۈچ. قىزلار ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇننىڭ نامى. ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچى بىر
ياغاچقا ياكى لىمغا باغلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا بىر قىز ئولتۇرىدۇ، پۇتلىرى بىلەن يەرنى

تىپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىدۇ». پۇك (III·180) «پۇككا، ئويۇندا ئۇشۇقنىڭ دۈم چۈشۈشى، بۇ «چىك - پۇك - چىككا - پۇككا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

× × ×

«دىۋان» دا يەنە ئۆي بىساتلىرىغا دائىر سۆزلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇ سۆزلەر ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇرلاردا قول ھۈنەر ئىشلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە راۋاج تاپقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن:

كىۋىز (I·474) «گىلەم».

كىيىز (I·474) «كىگىز»؛ ئاسرىلادى (I·415) «كىگىزگە ئالا - چىپار گۈل باستى».

كىمىشكە (I·638) «قەشقەردىن چىقىدىغان گۈللۈك پالاز»، سىرىدى (III·358) «ئۇ شىرداق شىرىدى».

× × ×

«دىۋان» دا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان تۈۋەندىكىدەك سۆزلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

بەشىك (I·531) «بۆشۈك»؛ بەلۇ (III·319) «ئەللەي - ئەللەي. خوتۇنلارنىڭ بالىلىرىنى بۆشۈككە بۆلەپ ئۇخلىتىشتا ئېيتىدىغان سۆزى».

چالما (I·564) «قوي، تۆگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماللارنىڭ قىغىدىن قىشتا قالاش ئۈچۈن كېسەكتەك قىلىپ قۇرۇتۇلغان تېزەك».

سەپ (I·418) «كېلىن بولغۇچى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي جاھازلىرى».

ئۇرۇقلۇق (I·199) (ئاقچا قىلىپ قۇيۇلغان ئالتۇن).

ئاياغ (III·236) «لەقەم»؛ ئاتادى (III·343) «لەقەم قويدى».

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئېتنوگرافىيىگە دائىر سۆزلەردىن بەزىلىرى ھەممە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچىلەرگە ئورتاق بولسا، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلارغىلا خاس. بىر خىل ئادەتنىڭ ئېتى ھەر خىل بولسىمۇ، مەزمۇنى ئوخشاش. بۇنىڭدىن كېيىن «دىۋان» نى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئېتنوگرافىيىگە دائىر مەلۇماتلارنى بىرلەپ توپلاپ ۋە تەتقىق قىلىش ئالاھىدە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

تاشپولات ئەبەيدۇللا

فونېتىكىدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك — تاۋۇش ئېلېمېنتى بولىدۇ. ئەمما ھەرقايسى تىللاردا بىر تاۋۇشلۇق سۆز بىلەن مەنە ئىپادىلەيدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچراي- دۇ. ئادەتتە تىلدىكى تاۋۇشلار بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ تەلەپپۇز قىلىنىش ئارقىلىق ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

قوشما ئۈزۈك تاۋۇش بىر بوغۇمدا بىرلەشكەن ئەينى بىر جىددىيلىكنىڭ كۈچىيىش ياكى ئاجىزلىشىش باسقۇچىدا تۇرىدىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئۈزۈك تا- ۋۇشنىڭ بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

قوشما ئۈزۈك تاۋۇش مەيلى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى مۇسكۇللارنىڭ كۈچىيىش ياكى ئاجىزلىشىش باسقۇچىدا بولسۇن، ھامان ئەينى بىر بوغۇمدا قاتار ئۇلىنىپ كېلىدىغان بولغاچقا، بوغۇم قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنى باشقا تاۋۇشلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇشتىكى شەرتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئېكسپېرىمېنتال فونېتىكا تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى مۇسكۇللارنىڭ جىددىيلىك ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھەر قايسى تىللارنىڭ بوغۇملىرىنى ئېنىقلاشتىكى ئۆلچەم قىلىش تازا مۇۋاپىق. تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى مۇسكۇللاردا ھەر قېتىم جىددىيلىك كۈچىيىپ، ئاجىزلاشقاندا ئاندىن بىر بوغۇم ھاسىل بولىدۇ. دېمەك ھەرقانداق بىر بوغۇم جىددىيلىك كۈچىيىش باسقۇچىدا تۇرغان ياكى كۈچەيگەن تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن باشلىنىدۇ ۋە جىددىيلىكنىڭ ئاجىزلىشىش باسقۇچىدا تۇرغان ياكى ئاجىزلاشقان تاۋۇش ئېلېمېنتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى جىددىيلىكنىڭ كۈچىيىش باسقۇچىدىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇش، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى جىددىيلىكنىڭ ئاجىزلىشىش باسقۇچىدىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈۋالىمىز.

مەسىلەن: رۇس تىلىدىكى «KHNΓA» (كىتاب) [knigʌ] دىكى «KH» بىر بوغۇمدىكى ئەينى بىر جىددىيلىكنىڭ كۈچىيىشى جەريانىدا ھاسىل بولغان. ئېنىگ-

لىز تىلىدىكى «rowd» [kraud] (كىشىلەر توپى) دېگەن سۆزدىكى «r» تاۋۇشى بىر بوغۇمدىكى ئەينى بىر جىددىيلىكنىڭ كۈچىيىشى جەريانىدا ھاسىل بولغان. «salt» [sɔ:lt] (تۇز) دېگەن سۆزدىكى «lt» تاۋۇشى بىر بوغۇمدىكى ئەينى بىر جىددىيلىكنىڭ ئاجىزلىشىش جەريانىدا ھاسىل بولغان.

فونېتىكا ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئەمەلىي تىل پاكىتلىرىدىن ھېس قىلغانلىرىمنى سېلىشتۇرما فونېتىكا نەزەرىيىسى ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قوشما ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تۈرلەر بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

قوشما ئۇزۇك تاۋۇشلار ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن نەپەسلىك تاۋۇشلارنى قوشما ئۇزۇك تاۋۇش قاتارىغا كىرگۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. چۈنكى پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇشلاردا توسالغۇنىڭ پەيدا بولۇش ۋە داۋاملىشىش باسقۇچى پارتلىغۇچى تاۋۇشقا باراۋەر. توسالغۇنىڭ يىمىرىلىش باسقۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشقا باراۋەر. پارتلىغۇچى ۋە سىيرىلاڭغۇلۇق ئالاھىدىلىك ئادەم ھېس قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە بىرلىشىپ كەتكەن. نەپەسلىك تاۋۇشلارغا كەلسەك، بەزى كىتابلاردا نەپەسلىك [p'] ،[t'] ،[k'] تاۋۇشلارنى [pʰ] ،[tʰ] ،[kʰ] قىلىپ خاتىرىلىسە، بەزى كىتابلاردا ph] ،[th] ،[kh] قىلىپ خاتىرىلەيدۇ. بۇ يەردىكى «h» پەقەتلا نەپەسلىك بولۇش بەلگىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ «p» بىلەن «h» ئۇزۇك تاۋۇشلىرىنىڭ قاتار ئۇلىنىپ قوشما ئۇزۇك ھاسىل قىلغانلىقى ئەمەس. كەلتۈرگەن تىل پاكىتلىرى ئىچىدە ئەسلى ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان سۆزلەردىن سىرت، باشقا مىللەت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرمۇ بار.

ئۇيغۇر تىلىدا قوشما ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ بار-يوقلىقىنى ئېنىقلاشتا، گەرچە ئەدەبىي تىلنىڭ ئىملا قائىدىسىدە « ABB ،BBA » بوغۇم شەكىللىرى بولسىمۇ (مەسىلەن: كران، تراكتور، دەرت، خەلق)، ئەمما جانلىق تىلدا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇزى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىش جەريانىدا بىر بوغۇمدىكى قاتار ئۇلىنىپ كەلگەن ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش ئوتتۇرىسىغا بىر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ ئەسلىدىكى بوغۇمدىن بىر بوغۇم كۆپىيىدۇ ياكى بوغۇم ئاخىرىدا قاتار ئۇلىنىپ كەلگەن ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ بىرسى چۈشۈپ قالىدۇ، شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەلەپپۇز نورمىسىدا قوشما ئۇزۇك تاۋۇش يوق بولۇشى مۇمكىن دەيدىغان بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش شەكىللەنگەن. بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىش پاكىتلىرىغا ھۆرمەت قىلمىغانلىقتۇر.

ئالايلى، يۇقىرىقى مىساللاردىكى «خەلق» نى [χεliq] «دەرت» نى [dεt] قىلىپ تەلەپپۇز قىلساق مەنىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگىنى بىلەن «BBA» بوغۇم

شەكىلدە كەلگەن «تالانت» [tAlAnt] «سېكۇنت» [sekɷnt]، «قايت» [qAjt] «هايت - هۇيت» [hajt - huj.t] قاتارلىق سۆزلەردىكى قاتار ئۇلىنىپ كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوتتۇرىسىغا، مەسىلەن: «تالانت» نى [tAlAn(ɨ)t]، «سېكونت» نى [skɷn(ɨ)t]، «قايت» نى [qaj(ɨ)t] «هايت - هۇيت» نى [haj(ɨ)t-huj(u)t] قىلىپ قاتار ئۇلىنىپ كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوتتۇرىسىغا بىردىن سوزۇق تاۋۇش قوشىدىغان بولساق، بۇ سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇز نورمىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ ۋە ياكى «تالانت» نى [tAlAn] «سېكۇنت» نى [sekɷn] «قايت» نى [qaj] «هايت - هۇيت» نى [haj-huj] قىلىپ تەلەپپۇز قىلىدىغان بولساق بۇ سۆز-لەرنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

شۇ سەۋەبلىك هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى فونېتىك شارائىت ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. ئادەتتە تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى جىددىيلىكنىڭ كۈچىيىش باسقۇچىدا قاتار ئۇلىنىپ كېلىپ هاسىل بولىدىغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارىسىغا ئەمەلىي تەلەپپۇزدا بەزىلەر بىر سوزۇق تاۋۇشنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلسا، بەزىلەر سوزۇق تاۋۇش قوشماي ئەينەن تەلەپپۇز قىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| گرادۇس | [gɪrAdus] | ياكى | [grAdus] |
| گرام | [gɪrAm] | ياكى | [grAm] |
| كران | [kɪrAn] | ياكى | [krAn] |
| كرىست | [kɪrsɨt] | ياكى | [krɪst] |
| پراكتىكانت | [pɪrAçtikAnt] | ياكى | [prAçtikAnt] |

2. تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى جىددىيلىكنىڭ ئاجىزلىشىش باسقۇچىدا قا-تار ئۇلىنىپ كېلىپ هاسىل بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارىسىغا ئەمەلىي تەلەپپۇز-دا سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئەهۋال بولمايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| پەنت | [pɛn(ɨ)t] | ئەمەس | [pent] |
| پىرسەنت | [pɪrsɛn(ɨ)t] | ئەمەس | [pɪrsɛnt] |
| تالانت | [tAlAn(ɨ)t] | ئەمەس | [tAlAnt] |
| سۇيىقەست | [sujiqɛs(ɨ)t] | ئەمەس | [sujiqɛst] |
| ئوبلاست | [oblAs(ɨ)t] | ئەمەس | [oblAst] |
| پوست | [pos(ɨ)t] | ئەمەس | [post] |
| شاگىرت | [ʃAgɨr(ɨ)t] | ئەمەس | [ʃAgɨrt] |
| مىرت - مىرت | [mɪr(ɨ)t-mɪr(ɨ)t] | ئەمەس | [mɪrt]-mɪrt] |
| شەرت | [ʃɛr(ɨ)t] | ئەمەس | [ʃɛrt] |
| قايت | [qaj(ɨ)t] | ئەمەس | [qajt] |

| | | | |
|---|---|---|---|
| هايت - هۇيت | [haj(ɨ)t -huj(u)t] | ئەمەس | [hajt -hujt] |
| قەيت | [qɛj(ɨ)t] | ئەمەس | [qɛjt] |
| يالت | [jAl(ɨ)t] | ئەمەس | [jAlt] |
| ۋولت | [vol(ɨ)t] | ئەمەس | [volt] |
| يالت - يۇلت | [jAl(ɨ)t-jul(u)lj] | ئەمەس | [jAlt -jult] |

يەنە بىر خىل ئەھۋال تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى جىددىيلىكنىڭ ئاجىزلىشىش باسقۇچىدا قاتار ئۇلىنىپ كېلىپ ھاسىل بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇزى تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا ئاساسەن چۈشۈپ قالمايدۇ.

① دىماق تاۋۇشى [n] بىلەن پارتلىغۇچى تاۋۇش [t] دىن قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ھاسىل بولغاندا ئاساسەن چۈشۈپ قالمايدۇ.

مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| سېكونت | [sekon] | ئەمەس | [sekont] |
| پارلامېنت | [pArlAmen] | ئەمەس | [pArlAment] |
| ئەنت | [ɛn] | ئەمەس | [ɛnt] |

② يېنىك سىرىلىنغۇ تاۋۇش [j] بىلەن پارتلىغۇچى تاۋۇش [t] دىن قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ھاسىل بولغاندا چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ھېيت | [hej] | ئەمەس | [hejt] |
| تارايت | [tArAj] | ئەمەس | [tArAjt] |
| قايت | [qaj] | ئەمەس | [qajt] |

ئۇنىڭدىن باشقا تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى جىددىيلىكنىڭ ئاجىزلىشىش باسقۇچىدا قاتار ئۇلىنىپ كېلىپ ھاسىل بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇزى تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا چۈشۈپ، قالسىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن:

③ سىرىلىنغۇ تاۋۇش [s] بىلەن پارتلىغۇچى تاۋۇش [t] دىن قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ھاسىل بولغاندا چۈشۈپ قالسىمۇ چۈشۈپ قالمىسىمۇ بولىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| سۇيىقەست | [sujɨqɛs] | ياكى | [sujɨqɛst] |
| فاشىست | [fAʃɨs] | ياكى | [fAʃɨt] |
| ئوبلاست | [oblAs] | ياكى | [oblAst] |

④ تەكرار تىترىگۈچى تاۋۇش [r] بىلەن پارتلىغۇچى تاۋۇش [t] دىن قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار ھاسىل بولغاندا چۈشۈپ قالسىمۇ - چۈشۈپ قالمىسىمۇ بولىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| شەرت | [ʃɛt] | ياكى | [ʃɛrt] |
| سورت | [sot] | ياكى | [sort] |
| گىرت - گىرت | [gɨt - gɨt] | ياكى | [gɨrt -gɨrt] |

بىز تىلىمىز فونېتىكىسىدىكى بۇ خىل ھادىسىنى ئەجداتلىرىمىز قوللانغان قە-
دىمكى تىللاردىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار:

| تەلەپپۇزى | مەنىسى |
|---|---|
| [jygyrt] | يۈگۈرتمەك |
| [ϕrt] | ئوت |
| [bεgyrt] | بارلىققا كەلمەك |
| [Amınt qur] | تىنچلاندۇرماق |
| [ort] | توسۇۋالماق |
| [ϕrklyg] | مۇناسىۋەتلىك |
| [sıgɨrt] | يۇتماق، سىڭىرمەك |
| [ært] | ئۆتمەك |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈرلەر-
گە بۆلۈنۈشى

1. تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى جىددىلىكنىڭ كۈچىيىش باسقۇچىدا پەيدا
بولىدىغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار:

پارتلىغۇچى تاۋۇشلار بىلەن تىترىگۈچى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن
ھاسىل بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار:

| يېزىلىشى | ئوقۇلىشى |
|---|---|
| پراكتىكانت | [prAk tıkAnt] |
| پراگماتىزم | [prAgmAtizm] |
| پرولېتارىيات | [p rolet Arıjat] |
| پرېس | [pres] |
| پرىكازچىك | [prik Aztʃ ik] |
| پروزا | [prozA] |
| پروفېسسور | [professor] |
| ترانسپورت | [trAnsıport] |
| تراكتور | [t rAk tor] |
| تراگېدىيە | [t rAgidɨjε] |
| تراموۋاي | [trAmvAj] |

| | |
|---|---|
| ترانسكرىپسىيە | [trAnskırpısijɛ] |
| تراللىبۇس | [trAllıbos] |
| گرادۇس | [grAdus] |
| گراف | [grAf] |
| گرافىك | [grAfik] |
| گراماتىكا | [grAmmAtikA] |
| گرانت | [grAnt] |
| گراژدان | [grAʒdAn] |
| گرېلكا | [grelkA] |
| گرام | [grAm] |
| كراخمال | [krAχmAl] |
| كران | [krAn] |
| كرىزىس | [krızis] |
| كرىستال | [krıstAl] |
| كرېست | [krest] |
| براخمان | [braχmAn] |
| برىلىيانت | [brılijAnt] |
| برىگادىر | [brıgAdir] |

2. تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىكى جىددىيلىكنىڭ ئاجىزلىشىش باسقۇچىدا پەيدا بولىدىغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار.

1) دىماق تاۋۇشى بىلەن پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار:

| يېزىلىشى | ئوقۇلۇشى |
|---|---|
| ئاگېنت | [Agent] |
| ئاسپىرانت | [AspirAnt] |
| ئاسسىستېنت | [Assistent] |
| ئەنت | [ænt] |
| برىلىيانت | [brıljAnt] |
| پارلامېنت | [pArlAment] |
| پراكتىكانت | [prAktikAnt] |
| پەنت | [pɛnt] |
| پىرسەنت | [pırsent] |

| | |
|---|---|
| تالانت | [tAlAnt] |
| دوتسېنت | [dot sent] |
| سېكۇنت | [sekunt] |
| كۇرسانت | [kursAnt] |
| گىگانت | [gıgAnt] |
| لابورانت | [lAborAnt] |
| كەنت | [kɛnt] |
| مۇزىكانت | [muzıkAnt] |
| ۋارىيانت | [vArjAnt] |
| ئېلېمېنت | [element] |
| ياركەنت | [jArkɛnt] |
| تاشكەنت | [tAʃkent] |

2) تەكرار تەرىگۈچى تاۋۇش بىلەن پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار.

| يېزىلىشى | ئوقۇلۇشى |
|---|---|
| ئاپورت | [Aport] |
| ئاۋانگارت | [AvAngArt] |
| يۇرت | [jurt] |
| بىليارت | [bıljArt] |
| پارت - پۇرت | [pArt-purt] |
| پورت | [port] |
| تارت - تۇرت | [tArt-turt] |
| ترانسپورت | [trAnsıport] |
| باشقىرت | [bAʃqɨrt] |
| پاسپورت | [p Asp ort] |
| چارت . چۇرت | [tʃA rt -tʃ urt] |
| چىرت - چىرت | [tʃ ırt-tʃ ırt] |
| خارت - خۇرت | [χart-χurt] |
| خىرت - خىرت | [χɨrt -χɨrt] |
| شارت - شۇرت | [ʃArt-ʃurt] |
| شىرت - شىرت | [ ʃɨrt _ ʃɨrt] |

| | |
|---|---|
| سورت | [sort] |
| كارت - كۇرت | [kArt-kurt] |
| كونسېرت | [konsert] |
| كىرت - كىرت | [kirt-kirt] |
| گارت - گۇرت | [gart -gurt] |
| گىرت | [ girt] |
| گىرت - گىرت | [girt-girt] |
| كونۋېرت | [konvert] |
| گۈڭگۈرت | [gyŋgyrt] |
| مارت | [MArt] |
| مىرت - مىرت | [mırt-mırt] |
| نامەرد | [ nAmert] |
| مەرد | [mɛrt] |
| تەرك | [tɛrk] |

3) سىرىلانغۇ تاۋۇشلار بىلەن پارتىلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار.

| يېزىلىشى | ئوقۇلىشى |
|---|---|
| پوست (پىيازنىڭ) | [post] |
| پانتۈركىست | [pAntʏrkist] |
| تانكىست | [tAnkist] |
| تېلېفونىست | [telifonist] |
| ژورنالىست | [ʒornAlist] |
| قەست | [qɛst] |
| ئۈست | [ʏst] |
| ئاست | [ Ast] |
| ھېيت | [hejt] |
| پايتەخت | [pAjtɛχt] |
| دەشت | [dɛʃt] |
| قەيت | [qɛjt] |
| ھايت - ھۇيت | [hajt-hujt] |
| ئىشق | [iʃq] |
| تەخت | [tɛχt] |

بۇددىست [buddist]

ئازايت [AzAjt]

پەسەيت [pɛsæjt]

پاخپايت [pAχpAjt]

تارايت [tArAjt]

كۈچەيت [kytʃɛjt]

قايت [qɑjt]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا قوۋۇز تاۋۇشى بىلەن باشقا تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولىدىغان قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىمۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن.

يېزىلىشى ئوقۇلىشى

جىلد [dʒilt]

يالت [jAlt]

يالت - يۇلت [jAlt-jult]

ۋولت [volt]

دېمەك تىلىمىزدىكى بۇ خىل فونېتىك قۇرۇلما قانداقتۇر يېقىنقى زاماندىن بېرى پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرى بىلەن ۋە ياكى باشقا ساھە بىلەن كىرگەنلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئەجدادلىرىمىز تىلىدىمۇ بۇ خىل هادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا يۇقىرىدىكى مىساللار پاكىت بولالايدۇ.

بۇنىڭدىن بىز هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ تىل تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەسلى ئانچە ئومۇمىي بولمىغان تىل هادىسىلىرىنىڭ تەدرىجىي ئومۇمىي هادىسە بولۇپ شەكىللىنىشىگە باشلىغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. شۇ سەۋەبلىك تىلىمىزدىكى هەر قانداق بىر هادىسىگە نىسبەتەن ئىلمىي پوزىتسىيەدە بولۇپ، شۇ خىل هادىسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىشنىڭ تىلىمىزنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل، سىستېمىلىق بولۇشىدا رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

# قەدىمكى دۇنخۇاڭ، تۇرپان، كۇچا مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە چەت ئەللىكلەر

تۇرسۇن رەھمەتۇللا

دۇنخۇاڭ، تۇرپان، كۇچا قەدىمكى مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىشى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى تەتقىق قىلىشتا، جۈملىدىن يىپەك يولى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

XVIII ئەسىردىن باشلاپ غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدىن كەلگەن كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى ئۆز دۆلەتلىرىگە توشۇپ كەتكەن.

1878 - يىلى ۋېنگرىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى روكوش ۋە ئەنگلىيىلىك ستەيىن قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ كۇچادىكى «مىڭ ئۆي» ۋە باشقا جايلاردىن نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن.

1811 - يىلى روسىيىلىك پاتېيېنىسىۋ ئىلى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم جايلارغا بارغان.

يېۋگورى XVIII ئەسىردە تۇنجى قېتىم تۇرپانغا كەلگەن ياۋروپالىق بولۇپ، ئۇ دۆلىتىگە قايتىپ پېتېربۇرگ (لېنىنگراد) شەھىرىدە نەشىر قىلىنىدىغان «باغۋەنچىلىك» ئىلمىي ژۇرنىلىدا شىنجاڭدىن ئېلىپ بارغان ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئۇ، 1878 - يىلى ئىككىنچى قېتىم روسىيە مەسلىھەتچىلەر قىسمىنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېرى سوۋپىتىمە چارلاشقا كەلگەندە قەشقەردىن تۇرپانغىچە بارىدىغان يولنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ماقالە يازغان، شۇ يىلى 11- ئايدا يەنە تۇرپاندا كۆپلىگەن قاچا - قۇچا پارچىلىرى ۋە بەزى رەسىملەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن ھەمدە توپلىغان. ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ شەكلى، كۆلىمىنى رەسىمگە چۈشۈرگەن ۋە خەرىتىسىنى سىزغان. ئىدىقۇت خارابىسىنى قەدىمكى رىم شەھىرىگە ئوخشاتقان. ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۆسۈملۈكلىرى ئەۋرىشكىلىرى توغرىسىدىكى ماقالىلىرى 1880 - يىلى 26 - سان «پورتمان جۇغراپىيە ئايلىق مەجمۇئەسى» ۋە «تۇرپان تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، «تۇرپان» ناملىق رۇسچە مەجمۇئەلەردە تونۇشتۇرۇلغان. 1893 - ۋە 1895 - يىللىرى روسىيە -

لىك راباروۋسكىي، كوزلوۋ قاتارلىق كىشىلەر تۇرپانغا كېلىپ چارلاش ئېلىپ بارغان. (ئۇ 1885 - يىلى 10 - ئايلارغىچە تۇرپاندا ھاۋارايى پۇنكىتى قۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدى).

1888 - يىلى ن. م. پىرژېۋالىسكىي رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. كېيىن ئۇ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھەت خاتىرىسى» ۋە «قەدىمكى قەۋرىلەردىن چىققان يادىكارلىقلار» (لوپنۇردا كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان) دېگەن ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان.

ئەنگلىيىلىك بوۋېر 1889 - يىلى كۇچاغا كېلىپ يەرلىك خەلقتىن قەدىمكى ئۇيغۇر ھەم رۇنىك يېزىقىدىكى بىر قامۇسنى ئېلىپ كېتىپ كۆرگەزمە قىلغان. ئەنگلىيە ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى بۇ كىتابنى كۆرگەندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ، بۇ كىتابقا «بوۋېر ئەسەرلىرى» دەپ نام بەرگەن.

1892 - يىلى فرانسىيىلىك دۇترېۋىل فرانسىيە چارلاپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ خوتەنگە كېلىپ، چاغاتاي يېزىقىدىكى بىر كلاسسىك ئەسەرنى ۋە گۇل چېكىلگەن چاق - چۇق قاچىلاردىن بىر تۈركۈمنى قولغا چۈشۈرگەن. شىۋېتسارىيىلىك سۋېن ھېدىن 1896 - يىلى خوتەننىڭ شىمالىدىكى خارابىلاردىن تېپىلغان تام رەسىملىرىنىڭ بىر قىسمىنى قومۇرۇۋالغان. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى روسىيەلىكلەرنى خېلى قىزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىلى رۇسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى كلېمېنتېز دېگەن كىشىنى تۇرپاندا مەخسۇس چارلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ رۇسىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، 1897 - يىلى جۇڭغارىيە ئارقىلىق تۇرپانغا كەلگەن ۋە ئىدىقۇت شەھىرىنى تەكشۈرگەن، كېيىنچە «تۇيۇق مىڭ ئۆي» قاتارلىق تارىخىي ئىزلاردىكى تام رەسىملىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، قول يازمىلار، تارشا پۈتۈكلەر، ئويما خەتلەرنى تاپقان ۋە ئۆرنەك خاراكتېرىدىكى بۇت، ئالتۇن ھەل بەرگەن رەسىملەردىن 130 نەچچىنى كېسىۋالغان. ئۇ روسىيىگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي «تۇرپان ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئىزلىرى» دېگەن تېمىدا ئىككى ماقالە ئېلان قىلغان.

1902 - يىلى 8 - ئايدا گېرمانىيىلىك ئا. گرۇنۋېدېل قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر گېرمانىيە چوڭ كاپىتالىستلىرىدىن شىمىن ھەم كاۋپەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن روسىيە ئارقىلىق غۇلجىغا، ئاندىن تۇرپانغا كەلگەن. ئۇ 1903 - يىلى تۇرپاندىن بېرلىنگە قايتقاندا مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن 46 ساندۇق ئېلىپ كەتكەن ۋە 1902 - يىلىدىن 1903 - يىلغىچە توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يازغان «تۇرپان ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ ئىزلىرى ۋە شەھەر ئەتراپىنى قېزىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى» 1906 - يىلى بېرلىندا نەشر قىلىنغان. 1904 - يىلى گېرمانىيىنىڭ لېكوك باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇ 1905 - يىلى ئۆكتەبىردە ئىدىقۇت شەھىرىدىن قېزىۋالغان ھەرخىل تىل - يېزىقتىكى

پۇتۇكلەر، پۇل ئەۋرىشكىلىرى، بۇت، تاش ئويمىلار، تام رەسىملەر ۋە باشقا مەدەنىي، سەنئەت بۇيۇملىرىنى 200 ساندۇققا قاچىلاپ، بېرلىنگە ئېلىپ كەتكەن. 1905 - يىلى 12 - ئايدىن 1907 - يىلى باھارغا قەدەر لېكوك ھەمكارلاشقان ئۈچىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپاندا ئىككى يىلدىن ئارتۇق پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1906- يىلى 4 - ئايدا لېكوك ئالدىن يولغا چىقىپ 30 ساندۇق ئاسارە - ئەتىقەلەرنى ھىندىستان ئارقىلىق ئېلىپ كەتكەن. ئارقىدىن گرۇنۋېدېل 174 ساندۇق قەدىمكى كىتاب ۋە مەدەنىي بۇيۇملارنى بېرلىنگە ئېلىپ كەتكەن. 1913 - يىلدىن 1914 - يىلغا قەدەر لېكوك يەنە تۆتىنچى قېتىم بىر تۈركۈم گېرمانىيىلىكلەرنى تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلارغا باشلاپ كېلىپ، ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ، بىرىنچى تۈركۈمدە 103 ساندۇق، ئىككىنچى تۈركۈمدە 138 ساندۇق، ئۈچىنچى تۈركۈمدە كۇچانى ئاساس قىلىپ 156 ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتكەن.

گېرمانىيىلىكلەردىن كېيىن 1909 - يىلى رۇسىيىلىك ف. س. ئاولدېنبۇرگ قەشقەر، تۇرپانلارنى ئاساس قىلىپ 8000 پارچىدەك فوتو سۈرەت تارتقاندىن باشقا، قەدىمكى ئەسەرلەر، پۇللار، رەسىملەر ۋە بۇتلاردىن بىر تۈركۈمنى ئېلىپ كەتكەن.

ياپونلۇقلار 1913 — 1914 يىللىرى جيۇچۈەنىدە بىر يىل قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قەدىمكى ئۇيغۇر، رۇنىك، زاڭزۇ، موڭغۇل، غەربىي ئىران، خوتەن، خەنزۇ يېزىقلىرىدىكى 7733 پارچە ئەسەرنى ئېلىپ كېتىپ لوڭگۇ داشۆسىدە ساقلىماقتا. كېيىنچە بۇ ئەسەرلەرگە «داگو ئەسەرلىرى» دەپ نام بەرگەن. 1953 - يىلى 1 - ئايدا ياپونىيە ئالىمى شىبېن چۇن تەيلاڭ باشچىلىقىدا غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقات ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ، داگوگۇاڭرۇي ئەسەرلىرى ۋە دۈنخۇاڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 1958 — 1962- يىللىرى ياپونىيە ئالىملىرى جۇڭگو مەدەنىيىتىگە يەنىمۇ قىزىقىش بىلەن قاراپ، «غەرب مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ئەسەرلىرىنى جەمئىي بەش توم قىلىپ نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭ بىرىنچى تومى دۈنخۇاڭ بۇددا دىنىي تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماقالىلاردىن ئىبارەت. 1950 - يىللىرىدا ياپونىيە شەرقىي ئاسىيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يەنى «شەرقىي ئاسىيا، دۈنخۇاڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى» نى قۇرۇپ، ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغان، غەربىي رايونغا تەئەللۇق ئەسەرلەرنىڭ كاتولىكىنى ئالدىن ئىشلەپ چىقتى (يۇقىرىقى ماتېرىياللار: داگوگۇاڭرۇي ئەپەندىنىڭ «غەربىي دىيارغا ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى).

دۈنخۇاڭ، تۇرپان، كۇچا مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ بۇ رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، قانۇنى، پەلسەپىسى، دىنىي ئېتىقادى، ئەدەبىيات - سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخىي تەرەققىياتىنى چۈشىنىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئەرەب پەيلاسوپى — فارابى

سەي دېگۈي

فارابى — مۇكەممەل پەلسەپە سىستېمىسىغا ئىگە بولغان ئەرەب پەيلاسوپى، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئىككىنچى پەيلاسوپ دەپ ئاتاشقانىدى. ئارىستوتېلنىڭ بىرىنچى ئۇستاز، فارابىنىڭ ئىككىنچى ئۇستاز دەپ ئاتالغانلىقىدىنلا فارابىغا بېرىلگەن باھانىڭ خېلى يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## فارابىنىڭ دۆلەت ئايرىمىسى ۋە ھاياتى

ئەسلىدە، فارابىنى قايسى دۆلەتتىن دېگەن مەسىلىنى تالاش-تارتىش قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. كىشىلەر بىردەك فارابىنى دادىسى پارس، ئانىسى تۈرك بولغان ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ كىشىسى دەپ قارايدۇ. بۇ غەرب پەلسەپە تارىخى ساھەسى ۋە ئەرەب ئىدېلوگىيە ساھەسىدىكى بىردەك بولغان قاراش، مەملىكىتىمىزنىڭ ئالىملىرىمۇ مۇشۇنداق قاراشتا. بىراق 1982- يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى فارابىنى جۇڭگولۇق دەپ قاراۋاتىدۇ، زارىپ دولاتوۋنىڭ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982- يىللىق 1- سانىدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېلوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەسەۋۋۇرلىرىم» دېگەن ماقالىسىدا فارابى شىنجاڭ پەلسەپە ئىدېلوگىيە تارىخىنىڭ تەتقىقات كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇ يىلى 4- سانىدا يەنە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ «ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ لوگىكا تەلىماتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، ئېنىقلا فارابى مەملىكىتىمىز توققۇز ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەشھۇر ئىدېلوگى دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئىككى يولداش ئۆز ماقالىلىرىنى قۇرۇقتىن-قۇرۇق يازمىغان بولسا كېرەك، بىراق، كېيىنكى يولداشنىڭ ماقالىسىدىكى كۆز قاراش ئۆزىنىڭ شۇ يىلى 2- سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ياۋروپا ئەدەبىي

گۈللىنىش دەۋرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىكى كۆز قارىشى بىلەن ئۆزئارا زىت بولۇپ قالغان. ئالدىنقى ماقالىسىدا فارابىنى ئۇيغۇر — قارلۇق ئالىمى دېيىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئۇنى ئەرەب پەيلاسوپى قىلىپ تونۇشتۇرغان. ئەمدى-لىكتە بولسا فارابىنىڭ ئەل تەۋەلىكىنى ئايرىش زۆرۈردەك تۇرىدۇ.

مەن يەنىلا فارابىنى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى دېگەن پىكرىمدە چىڭ تۇرىمەن، ھەم بۇ ھەقتىكى ئاساسىمنى تۆۋەندىكىچە شەرھلەيمەن.

1. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئالىملار فارابىنى ئەرەب مۇتەپەككۇرى دەپ ھېسابلايدۇ. غەرب پەلسەپە ساھەسىدىكى خېلگىر، رۇسسو، د. بوئېردىن تارتىپ ئەرەب پەلسەپە ساھەسىدىكى مۇھەممەد لېتىق جامال، جىبىي سورىبالارمۇ بۇ ھەقتە باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس. سوۋېت ئالىمى تراختېنبېر ۋە دونسك قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

2. فارابىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرىمۇ ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئىچىدە بولغان. فارابى ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئابباسىيە سۇلالىسىغا قاراشلىق فاراب ئايمىقىنىڭ ۋاسىچ كەنتىدە تۇغۇلغان، كېيىن باغدات، دەمەشىق، ھەمىرانلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەم ئاخىرى دەمەشقە ۋاپات بولغان. بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرا تەۋەلىكى ئىچىدە بولۇپ، فارابى جۇڭگودا پائالىيەت ئېلىپ باردى دەيدىغان تارىخىي خاتىرىلەر چىقمايدۇ.

3. فارابىنىڭ بىۋاسىتە ئۆزىدىن تەلىم ئالغان شاگىرتى ئەبۇزەكەرىيە، ۋاسىتىلىق تەلىم ئالغان شاگىرتى ئىبنى سىنا ھەر ئىككىلىسى ئەرەب مۇتەپەككۇرىدۇر. سەرسۇلى فارابىنى تىلغا ئالغان ۋاقتىدا، ئىبنى سىنا فارابىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن كىتابلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇيدىغان ھەقىقىي ئىخلاسمەن تالىپى ئىدى، دەيدۇ. ئىبنى سىنا پەلسەپە ئەسەرلىرىدە دېگۈدەك فارابىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى مەنبە قىلماي قالمىغان ①، فارابى قايسى ئۇستازغا ۋارىسلىق قىلغان؟ د. بوئېر ئۇنىڭ بىر قىسىم بىلىملىرى خىرىستىيان پوپى يۇھانانىدىن كەلگەن، دەيدۇ②. ئەمما مۇھەممەد لېتىق جامال ئۇنى ئاساسەن ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن، دەيدۇ③. خىل-مۇ-خىل يازمىلاردىن قارىغاندا، فارابى كىچىكىدىلا يۇرتىدىن باغداتقا كۆچۈپ بار-غان، ئۇنىڭ ئۇستازى كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ باغداتتا ئىلىم تەھسىل قىلغان.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، فارابى جۇڭگو مۇتەپەككۇرى بولماستىن، ئەرەب مۇتەپەككۇرى بولۇشقا مۇناسىپ.

فارابىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۇزلۇق فارابى بولۇپ، فارابىنىڭ ئاتىسى ئابباسىيە سۇلالىسىنىڭ گېنېرالى ئىدى، ئەسلى يۇرتى

پىرسىيە بولۇپ، تۈرك يەرلىرىدە ھەرىبىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ۋاقتىدا بىر تۈرك ئايال بىلەن توي قىلغان. فارابى ھىجرىيە 257- يىلى (مىلادى 870- يىلى) فاراب قەلئەسى يېنىدىكى ۋاسىچ كەنتىدە تۇغۇلغان، بۇ تۈرك دەريالىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان كەنت ئىدى، فارابى — فاراب ئادىمى دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ.

فارابى نامدار ئائىلىدە تۇغۇلغاچقا، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا ياخشى تۇرمۇش شارائىتىنى ھازىرلاپ بەرگەنىدى، ئەمما ئۇ بۇنداق ئەۋزەل تۇرمۇش شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ، دائىم يەككە - يىگانە بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ تەنھالىق ۋە چوڭقۇر خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا بەزىلەر ئۇنى سوفىزىم تەرەپدارى دېيىشەتتى.

فارابىنىڭ پەلسەپىگە قىزىقىپ قېلىشى بىر دوستى ئۇنىڭغا ئارىستوتېلنىڭ بىر - مۇنچە ئەسەرلىرىنى ئامانەت قويۇپ قويغان بىر قېتىملىق كۈتۈلمىگەن پۇرسەتتىن باشلىنىدۇ. فارابى كىتابلارنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ قىزىقىپ قالىدۇ - دە، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇ ئۆگىنىشتە تولىمۇ ئىرادىلىك ئىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فارابى ئارىستوتېلنىڭ «پسىخولوگىيە» دېگەن ئەسىرىگە ماشىيە — ئىزاھى بېرىپ «ئەسەرنى مەن يۈز قېتىم ئوقۇپ چىقتىم» دەپ يازغان بولسا، «فىزىكىلىق ئاڭلاپ كۆزىتىش» دېگەن ئەسىرىنى قىرىق قېتىم ئوقۇپ چىقىپمۇ يەنە داۋاملىق ئوقۇيمەن دېگەن. فارابىنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىق روھى ھەقىقەتەن ماختاشقا ئەرزىيتتى. ئېيتىلىشىچە، فارابى ئادەتتە ھامان سۇ بويلىرى ۋە ئوتلاقلاردا يېزىقچىلىق قىلىدىكەن، ئايدىڭ كېچىلىرى ئاي يورۇقىدا كىتاب كۆرىدىكەن، باغۋەن قاراۋۇلخانىسىدىكى چىراقتىن پايدىلىنىپ كىتاب يازىدىكەن. ئەمما بۇ گادايلىقتىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئىلگىرى ھەمدانى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان بولۇپ، شاھ ئۇنىڭغا ئەۋزەل تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ئىلتىپات قىلغانىدى. لېكىن، ئۇ پەقەت تۆت دىرھەمنى بىر كۈنلۈك تۇرمۇش خىراجىتى قىلغان.

فارابى يۇقىرى مەدەنىيەت تەربىيىسى ئالغان، بىلىمى كەڭ، ئەتراپىدىكى ھەممە شەيئىلەرگە قويۇق ئىشتىياق باغلايدىغان، چوڭقۇر ئىزدىنىدىغان كىشى بولغاچقا، ئاشۇ ئالىملارنىڭ تۈرتكىسىدە پەيلاسوپ، ماتېماتىك، تىببىي ئالىم، ئاسترونوم، فىزىك، خىمىك، لوگىكا ئالىمى ۋە تىلشۇناس بولۇپ يېتىشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا فارابى يەتمىش خىل تىلغا پىششىق ئىكەن. بۇ ئېھتىمال رىۋايەت تۈسىنى ئالغان سۆز بولۇشى مۇمكىن. ئەمما فارابى ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن تىللار پارس تىلى، تۈرك تىلى، كۇرت تىلى، ئەرەب تىلى، يۇنان تىلى ۋە قەدىمكى سۈرىيە تىلى قاتارلىق ئالتە - يەتتە خىل تىلدىن ئاشىدۇ. فارابى مۇزىكىغا ماھىر بولۇپ، قالۇننى كەشىپ قىلغان، ئۇنىڭ مۇزىكىدىكى ناھايىتى يۇقىرى تالانتىنى شەرھىلەيدىغان ھېكايىمۇ بار. بىر قېتىم ھەمدانى شاھى سەيپۇل دەۋلە فارابىنى ئوردىغا ئەڭ نادىر مۇزىكانتلارنىڭ ئورۇنلىغان

مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىپتۇ. مۇزىكانتلار بىر-بىرلەپ ئەڭ ماھىر سازلىرى بىلەن نۇمۇر كۆرسىتىشىپتۇ، فارابى ئۇلارنىڭ نۇقسانلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىپتۇ، ئۇندىن كېيىن فارابى بەلبېغىنى يېشىپ ئېلىپ ئېچىپتۇ-دە، بىرمۇنچە بامبۇك پارچىلىرىنى چىقىرىپ، ئۇلارنى مەلۇم تەرتىپتە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن چېلىشقا باشلاپتۇ، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتىشىپتۇ، كېيىن يەنە چۇۋۇپ، باشقا بىر خىل ئۇسۇلدا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، چېكىشكە باشلاپتىكەن ئولتۇرغانلار يىغلىشىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا فارابى چۇۋۇپ، يەنە باشقىچە ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن چەككەندە، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئىشىك پاقارىدىن تارتىپ — ئۇيقۇغا غەرق بولۇپتۇ. فارابى بولسا مۇزىكا ئاڭلىغۇچىلارنى تاتلىق ئۇيقۇدا شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈشكە قالدۇرۇپ، مەغرۇرانە كېتىپ قاپتۇ.

فارابىنىڭ بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر بولغاچقا، ھەمدانى شاھى سەيپۇل دەۋلە ئۇنى ناھايىتى قەدىرلىگەن، فارابى دەمەشق ئوردىسىدا ئۇزۇن بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەنە ھەمدانىغا قايتقان. فارابى مىلادى 950- يىلى سەيپۇل دەۋلە بىلەن بىللە دەمەشققە قايتىش سەپىرىدە سەكسەن يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. سەيپۇل دەۋلە فارابىغا داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، دەمەشق ئەتراپىغا دەپنە قىلغان.

## فارابىنىڭ ئارىستوتېل پەلسەپىسىگە قوشقان تۆھپىسى

فارابىنىڭ ئارىستوتېل پەلسەپىسىگە قوشقان كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىش، تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھ بېرىشتىن كۆرە، ئۇنى ساختا كىتابلاردىن تاللاپ چىقىشتا ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر تۆھپىسى، ئۇ تالىپلىرى بىلەن بىرلىكتە ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغانلىقىدۇر. ئېيتىلىشىچە، ئىلگىرى ۋە ھازىر ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرى، فارابىنىڭكىگە ئاساسەن تاللانغان ۋە رەتلەنگەن. فارابىنىڭ ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنى رەتلىشى ۋە رەتكە تۇرغۇزۇشى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

‹ 1 › لوگىكا ئىلمى سەككىز بۆلۈم: «كاتېگورىيە»، «شەرھنامە»، «بىرىنچى ئانالىتىكا»، «ئىككىنچى ئانالىتىكا»، «ساختىلىق توغرىلىق كىتاب»، «ستىلىستىكا»، «دىئالېكتىكا»، «پوئېتىكا».

‹ 2 › فىزىكا ئىلمى سەككىز بۆلۈم: «فىزىكا ئاساسلىرى ھەققىدە كىتاب»، «ئاسمان ۋە زېمىن»، «ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىسراپچىلىق»، «ھاۋارايى ئىلمى ھەققىدە»، «پسىخولوگىيە»، «سەزگۈ ۋە سېزىم،» «بوتانىكا»، «زوئولوگىيە».

‹3› ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ بۆلۈم: «مېتافىزىكا»، «ئەخلاق ئۆلچىمى توغرىسىدا»، «سىياسىي ھەققىدە كىتاب».

بۇ ئەسەرلەرنىڭ رەتكە تىزىلىشى فارابىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىزدىنىشى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان، فارابىي دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر پەيلاسوپلار مۇشۇ تەرتىپنى ھۆرمەتلەپ كەلدىكى، ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىدى. شۇڭا فارابىنىڭ بۇ تەرەپلەردىكى تۆھپىسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن كىشىلەر بەرگەن ئىككىنچى ئۇستاز دېگەن نامغا مۇناسىپ. بەزىلەر ئۇنى تېخى ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئارىستوتېلى دەپ ئاتىشىدۇ. فارابىنىڭ ئورنى ۋە ئوينىغان رولى بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا، ئۇنى تەتقىق قىلىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان غەربتە مەخسۇس فارابىنى تەتقىق قىلىدىغان فارابىشۇناسلار بارلىققا كەلدى.

## فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيولوگىيىسى

فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ناھايىتى مول، چېتىشىدىغان يەرلەر ناھايىتى كەڭ، پەلسەپىۋىلىك قاراش، بىرلەمچى مەۋجۇتلۇق، لوگىكا ۋە بىلىش نەزەرىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە چېتىشىدۇ. مەزمۇنى بىر قەدەر مۇرەككەپ. ھازىرقى بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، فارابىي تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، دۇنيانىڭ ماددىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى، ھەرىكەت ماددىنىڭ خاسلىقى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان («قامۇس» پەلسەپە قىسمى). بەزىلەر فارابىي پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى، دەل ئالەمنىڭ ماددىلىقى، مەڭگۈلۈكى ۋە بىردەكلىكىدە، ئىنسانلارنىڭ ئالەمنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىدە ھەم ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي بىلىشى بولغان پەن ۋە مەدەنىيەت ئاساسىدا، مەدەنىيەتلىك باياشات ئىنسانلار جەمئىيىتىنى قۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكىدە، دەيدۇ (ئابدىشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ لوگىكا تەلىماتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىل 4- سان). بەزىلەر فارابىنى پەلسەپىدە ئاساسەن ئىدىئالىست، ئىلاھ ئىدراكچىلىقىنى تەرغىب قىلىپ ئومۇمىيۈزلۈك روھ ئۆلمەيدۇ، دەپ قارىغان، ئەمما قىسمەن ماتېرىيالىستىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن، تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان، سەزگۈ ئارقىلىق تاشقى دۇنيانى بىلگىلى بولىدۇ دەپ قارىغان، دەيدۇ (دونىك «پەلسەپە تارىخى» بىرىنچى توم، بىرىنچى قىسىم، سەنلىيەن نەشرىياتى 1961- يىلى نەشرى، 258- بەت). يىغىنچاقلىغاندا، ئەرەبچە ئېپتىدائىي ماتېرىياللاردىكى فارابىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيولوگىيىسى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1. پەلسەپىۋىلىك قاراش

فارابى پەلسەپىنى يەككە - يىگانە دەپ قارايدۇ. فارابىنىڭ قارىشىچە، پەلسەپىدە گەرچە ئوخشاش بولمىغان ئېقىملار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەككە - يىگانە، چۈنكى پەلسەپە بۇ دەۋردىن ئۇ دەۋرگە، بۇ مەكتەپتىن ئۇ مەكتەپكە، بۇ ئۇستازدىن ئۇ ئۇستازغا، بۇ ئېقىمدىن ئۇ ئېقىمغا ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تۈپكى مەقسىتى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. پەلسەپە يەككە - يىگانە ئىكەن، ئۇنداقتا پەيلاسوپلار ھەر خىل پىكىرلەرنى يىغىنچاقلاپ، تەنھا چوققىغا يېتىشى لازىم، بۇ چوققا دەل ھەقىقەتتىن ئىبارەت، دەپ بىلىدۇ.

بۇ نۇقتىنى ئاساس قىلغاندا، فارابى ھامان ئۆزئارا زىت بولغان پەلسەپىۋىلىك قاراشلارنى ماسلاشتۇرغان، ئۇ «پلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپىۋىلىك قاراشلىرىغا مۇرەسسە» دېگەن كىتابىدا، پلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ پىكرى بىردەك، چۈنكى ئۇلار ھەر ئىككىسى پەلسەپە بارلىق شەيئىلەرگە ئورتاق بولغان ئىلىم، بۇ توغرا قاراش بولۇپ پەلسەپىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن، دەپ قارايدۇ دېگەنىدى.

پەقەت پەلسەپە بىلەنلا بىز ئالەم ھەققىدە مەلۇم ئۇقۇمغا ئېرىشەلەيمىز، چۈنكى پەلسەپىنىڭ نىشانى ھەقىقەتنى تېپىشتۇر. فارابى، پەيلاسوپ «ھەقىقەتنى تەكىتلىشى، ھەتتا ئارىستوتېلنىڭ قارىشى بىلەن زىت كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ھەقىقەتنى تەكىتلىشى كېرەك»، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ④، فارابىنىڭ بۇ خىل روھى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرىدە، فارابى پەلسەپە دىندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ ھېسابلاپ، پەلسەپە تورلۇك - تۈمەنلىگەن شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، يېتىشكەن پەيلاسوپ گويا خۇداغا ئوخشايدۇ، دانىشمەن ۋە پەيلاسوپ دېگەن ئىككىسى بىر گەپ، پەقەت ئىبارىلا ئوخشىمايدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ پەلسەپە ۋە دىنىنىڭ پەرقى پەقەت بىرى ئادەم ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئاللانىڭ ۋەھىيسىگە ئېرىشكەنلىكىدە، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ئارقىلىق ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىنى سەزگەنلىكىدە، دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە فارابى ئۆزىنىڭ يەككە - يىگانىلىق پەلسەپىۋى كۆز قارىشى بىلەن پەلسەپە ۋە دىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كېلىشتۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ، بۇ پەلسەپىۋىلىك كۆز قاراشتىكى نامۇۋاپىق ئامىللاردۇر.

## 2. بىرلەمچى مەۋجۇتلۇق

فارابى مەۋجۇتلۇقنى مەنتىقىلىق ھالدا ئىككىگە بۆلۈۋېتىدۇ، «بىر تۈرى، باشقا ئالاھىدىلىك مەۋجۇت بولمايدۇ، دەپ قارىلىشى كېرەك دېگەنگە ئاساسەن بۆلۈش

بولۇپ، نىسپىي مەۋجۇتلۇق دېيىلىدۇ، يەنە بىر تۈرى باشقا ئالاھىدىلىك مەۋجۇت بولىدۇ، دەپ قارىلىشىنى كېرەك دېگەندەك ئاساسەن بولۇش بولۇپ، مۇتلەق مەۋجۇتلۇق دېيىلىدۇ»⑤، بارلىق شەيئىلەر ياكى مۇتلەق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ياكى نىسپىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. نىسپىي مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇقەررەر سەۋەبى بولىدۇ، بۇنداق سەۋەبىياتلىق پۈتمەس-تۈگىمەس بولىدۇ، پەقەت مۇتلەق مەۋجۇتلۇققا ئايلانغاندا، ئاندىن سەۋەبىياتسىز مەۋجۇتلۇققا ئايلىنىدۇ. مۇتلەق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئالاھىدىلىكى تەلتۆكۈس ھازىرلانغان بولىدۇ، نىسپىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇتلەق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ، نىسپىي مەۋجۇتلۇق بولسا دۇنيادىكى تۈرلۈك-تۈمەنلىگەن شەيئىلەر، مۇتلەق مەۋجۇتلۇق بولسا تەڭرى — ئاللادىن ئىبارەتتۇر. ئاللا باشقا شەيئىلەرنى مەۋجۇت قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا، باشقا شەيئىلەر ئاندىن ئالەمدە مۇئەييەن ئورۇن تۇتالىغاندۇر، شۇڭا بۇ مۇتلەق مۇۋجۇتلۇق — بىرلەمچى مەۋجۇتلۇقتۇر، باشقا بارلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ بىرلەمچى سەۋەبىياتى. فارابىنىڭ بۇ بىرلەمچى مەۋجۇتلۇق، بىرلەمچى سەۋەبىياتلىرى، ئارىستوتېلنىڭ بىرلەمچى تۈرتكۈچى دېگىنى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

ئاللا مۇتلەق مەۋجۇتلۇق ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ تۈرلۈك-تۈمەنلىگەن شەيئىلەرنىڭ بىرلەمچى سەۋەبىياتى. بۇ بىرلەمچى سەۋەبىيات كەمكۈتسىز، پاك-غۇبارسىز، ئۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇكەممەللىك، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەڭ ئالىي مەۋجۇتلۇق، ھەم ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مەۋجۇتلۇق. ئۇ مەۋجۇت بولمايدىكەن، باشقا مەۋجۇتلۇقمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۈپكى، مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق. مانا بۇ ئاللانىڭ ماھىيىتىدۇر.

ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەرقانداق ماددىي نەرسىلەرنى لازىم ئەتمەيدۇ، ئاللانىڭ ئۆزىمۇ ئوبرازغا ئىگە ئەمەس، چۈنكى ئوبراز پەقەت ماددىي نەرسىلەردىلا بولىدۇ. ئەگەر ئاللا ئوبرازغا ئىگە دېيىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئاللا ماددىي نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ قالىدۇ-دە، باشقا مەۋجۇتلۇقلار سەۋەبىياتقا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقى قانداقچە سەۋەبىياتلىق بولسۇن؟ ئاللا بولسا بارلىق شەيئىلەرنىڭ بىرلەمچى سەۋەبىياتىدۇر.

ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەڭ مۇكەممەل مەۋجۇتلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭغا بولغان بىلىشىمۇ ئەڭ مۇكەممەل بىلىش بولۇشى كېرەك. ئاللا مۇتلەق مۇكەممەللىككە ئىگە ئىكەن، ئۇنداقتا بىزنىڭ چەكلىك ئىدراكىمىز ئۇنى تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ ۋە بىلەلمەيدۇ. ئاللانىڭ ھاياتى پۈتمەس-تۈگىمەستۇر، ئەمما بىزنىڭ ئىدراكىمىز چەكلىك. بىز ماددىلار دېڭىزىغا چۆككەن بولىمىز، ماددىلار ئاللانىڭ نۇرلىرىنى توسىۋالغان بولغاچقا، بىزنىڭ كۆزىمىز ئاللانى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ. بىز پەقەت ماددىلار رولىغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقالايمىزكى، ئاللاغا بولغان بىلىشىمىزنى تېخىمۇ ئۇچۇق، تېخىمۇ تولۇق قىلالمايمىز. شۇڭا ئاللاغا بولغان بىلىشتە، بىز پەقەت ئىستىرائە ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز ھەم ئەقلى خۇلاسىگە تايىنىمىز.

## 3. يارىتىش تەلىماتى

ئاللا بىرلەمچى مەۋجۇتلۇق، نىسپىي مەۋجۇتلۇقنىڭ سەۋەبىياتى، ئۇنداقتا بۇ مۇتلەق مەۋجۇتلۇق قانداق قىلىپ بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ سەۋەبىياتى بولىدۇ؟ فارابى يېڭى پلاتونىزم ئاساسىدا ئۆزىنىڭ يارىتىش تەلىماتىنى تىكلەيدۇ.

فارابى يارىتىش تەلىماتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، ئاللا، ئۆزگە ئەسلى زاتلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللانىڭ ئۆزگە ئەسلى زاتلارنى بىلىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ دۇنيانى يارىتالىشىدىندۇر. دۇنيا يارالغان چاغدا، ئەسلى زاتتىن باشقا ھېچ-قانداق نەرسىلەرنى لازىم ئەتمەيدۇ، دۇنيا دەل ئاللانىڭ ئەسلى زاتىدىن يارالغان، دېگەندىن ئىبارەت.

فارابى ئەڭ بالدۇر خۇدادىن يارالغان نەرسە ئىككىلەمچى مەۋجۇتلۇق (فارابى بىرلەمچى ئىدراك دەپ ئاتايدۇ)، ئاندىن ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدىكى روھلار، پائالىيەتچان ئىدراك، روھ، شەكىل، ماددا، ئۇنىڭدىن قالسا ئاسمان جىسىملىرى، ئىنسانلار، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، مىنېراللار، تۆت زاتلار پەيدا بولۇپ بىر پۈتۈن دۇنيانى تەشكىل قىلغان.

فارابى پۈتۈن مەۋجۇتلۇقنى ئۈچ بۆلۈمگە بۆلىدۇ:

بىرى، مۇستەقىل ياكى ئايرىلما مەۋجۇتلۇق بولۇپ، بۇ ئۈچ دەرىجىگە ئىگە. بىرىنچى دەرىجىسى ئاللا، ئىككىنچى دەرىجىسى ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدىكى روھ، ئۈچىنچى دەرىجىسى پائالىيەتچان روھ.

ئىككىنچىسى، تۆت زات بىلەن باغلىنىشلىق بولغان مەۋجۇتلۇق بولۇپ، بۇمۇ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، يەنى روھ، شەكىل، ماددا.

ئۈچىنچىسى، تۆت زات، تۆت زات ئالتە تۈرلۈك بولىدۇ. ئاسمان جىسىملىرى، ئىنسانلار، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، مىنېراللار، تۆت زات.

دۇنيا ئاللا تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق دەرىجىمۇ-دەرىجە يارىتىلغان.

## 4. بىلىش نەزەرىيىسى

فارابى مەۋجۇتلۇقنى مۇتلەق مەۋجۇتلۇق ۋە نىسپىي مەۋجۇتلۇق، يەنى بىرلەمچى مەۋجۇتلۇق ۋە ئىككىلەمچى مەۋجۇتلۇق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى بۇ ئىككى تۈرلۈك مەۋجۇتلۇققا قارىتا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارنى ياقلايدۇ.

تاشقى دۇنياغا نىسبەتەن فارابى ماددىلاردىن تۈزۈلگەن، بۇ ماددىلار ماددىي ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان دەپ قارايدۇ. ماددىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەرىكەت، ماددىي دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا ھەرىكەت مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ، كىشىلەر بۇنداق تاشقى

دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سەزگۈ ئارقىلىق بىلىدۇ، دەپ قاراپ، كىشىلەر بىلىمگە سەزگۈ ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ يەنە ئالەمنى پائالىيەتچانلىق بىلەن بىلىشنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ دەپ قارايدۇ. ئۇ بىلىمگە ھەقىقىي ئېرىشىشنى ئىدراك دەرىجىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە يىغىنچاقلايدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن پائالىيەتچان ئىدراكقا تايىنىش لازىم، دەيدۇ. دەل شەيئىلەر قۇياش نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىسا بىز ئۇلارنى كۆرەلمىگەنگە ئوخشاش، ئىنساننىڭ ئىدراكى ئەگەر ئالەمنىڭ پائالىيەتچان ئەقىل ئۇچقۇنلىرى ئارقىلىق يورۇتۇلمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئادەمنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. شۇڭا ئىنسان پائالىيەتچان ئىدراك بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىشى كېرەك.

مۇتلەق مەۋجۇتلۇققا نىسبەتەن بىز سەزگۈمىز بىلەن بىلىشىمىزنى جۇغلاشتۇرالمايمىز، چۈنكى بىزنىڭ سەزگۈمىز پەقەت ماددىي نەرسىلەرنىلا بىلەلەيدۇ، ئاللا بولسا ماددا ئەمەس، ئاللاغا نىسبەتەن مەلۇم تونۇشقا يېتىمىز دېيدىكەنمىز، پەقەتلا ئىستىئارە ۋە ئەقلىي خۇلاسىگە تايىنىمىز. فارابىنىڭ لوگىكا ئىدېئولوگىيىسى مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ لوگىكا ئىدېئولوگىيىسى باشقا بىلىش نەزەرىيىلىرىنىڭ داۋامىدۇر.

## 5. لوگىكا ئىلمى

فارابىنىڭ لوگىكا ئىدېئولوگىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش پەلسەپە تارىخى مەزمۇنىنىڭ ئىشى بولماستىن، لوگىكا ئىلمى تارىخىنىڭ ۋەزىپىسى، لېكىن لوگىكا ئىلمى ۋە پەلسەپە ئوتتۇرىسىدا ئادەتتىكىچە بولمىغان مۇناسىۋەت مەۋجۇت. فارابىنىڭ لوگىكا ئىلمى بولسا ئۇنىڭ ئاللانى بىلىشتىكى بىر خىل قورالىدۇر، شۇڭا فارابىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ لوگىكا ئىدېئولوگىيىسىنى، پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىمراقى، پەلسەپە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تەرەپلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

فارابى ئىنساننى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلىدۇ، ئۇ ئىنساننى ئەقىللىق ھايۋان دەپ قارايدۇ. بىلىش قابىلىيىتى، پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بولسا ئىنساننىڭ ئالاھىدە قابىلىيىتىدىن ئىبارەت. ئۇ ئالاھىدە تەبىئەت قانۇنىيىتى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيىتىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان تەن قۇرۇلۇشىدىلا تەبىئەتنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچراپ قالماي، يەنە تەبىئەتنى بىلىش جەريانىدىمۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە بويسۇنۇشى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلماسلىقى كېرەك، تەپەككۇر قانۇنىيىتى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بىردەك، دەپ ھېسابلايدۇ.

فارابى تەپەككۇر قانۇنىيىتىدىكى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى، ئارىستوتېل لوگىكا ئىلمىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى قايتىدىن بەرپا قىلىش، لوگىكا ئىلمىنى ئارىستوتېلنىڭ مېتافىزىكىسىدىن (پەلسەپە) ئايرىپ چىقىپ، مەخسۇس بىر ئىلىم قىلىپ

تىكلەش، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ، گىراماتىكا بىلەن لوگىكىنىڭ قويۇق مۇناسىۋەتلىك ئىدىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بۇلار فارابىنىڭ لوگىكا ئىلمى ساھەسىدىكى تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان دەلىل — ئىسپاتلاردىن ئۈچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇل ھەقىقەت ۋە سەپسەتىنى دەلىللەشنىڭ ئاساسى لوگىكىلىق شەكىل دېگەن پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. خارابى لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە بىزنىڭ ئاللانى بىلىشىمىزنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ماتېماتىكىلىق لوگىكا، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ۋە كېڭەيتىلگەن سان نەزەرىيىلىرىگە چېتىشتى. شۇڭا فارابى ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ بولغان ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئارىستوتېلى ھەم ئىككىنچى ئۇستازى ئىدى.

## 6. ئەخلاق كۆز قارىشى

فارابى بىر كىشىنىڭ ئەخلاقى مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن ھەممىسى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، ئەخلاقى يېتەرسىز ئادەم بىر مەزگىل ئوخشاش بىر خىل ياخشى ھەرىكەتنى قايتا-قايتا تەكرارلاش بىلەن چېنىقىش ئارقىلىق ئادەت شەكىللەندۈرۈپ، گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى پۈتۈنلەي خۇشاللىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ، لېكىن خۇشاللىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى جىسمانىي جەھەتتىكى، يەنە بىرى روھىي جەھەتتىكى خۇشاللىقتۇر، جىسمانىي خۇشاللىققا سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، بۇ خىل خۇشاللىقنىڭ كېلىشىمۇ ئوڭاي، كېتىشىمۇ تېز بولىدۇ، روھىي خۇشاللىق بولسا غەلىبە قىلغۇچىنىڭ خۇشاللىقى، دانالارنىڭ خۇشاللىقىغا ئوخشاش ئېرىشىش تولىمۇ قىيىن، ئەمما بۇ خىل خۇشاللىق ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. فارابى بىز كېيىنكىسىگە ئىنتىلىشىمىز لازىم، بىر كىشى پەقەت بىلىم، غايە، ئەخلاق ۋە ھۈنەردىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك شەرتنى ھازىرلىغاندا، ئاندىن شادىمان ۋە بەخت ئىگىسى بولالايدۇ، دەيدۇ. ئۇ ھەم مۇشۇ تەشەببۇسىغا بىنائەن ئىش كۆردى. سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئوردىسىدا باياشات ماددىي تۇرمۇش شارائىتلىرى بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشنى خالىماي، پەقەت تۆت دىرھەمنى ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇش خىراجىتى قىلدى، فارابىنىڭ ئىنتىلىدىغىنى ھارماي-تالماي ئۆگىنىش بولدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، فارابى دەمەشقتىكى بىر باغدا قاراۋۇل بولغان ۋاقتىدىمۇ قەتئىي ئىلىم تەھسىل قىلىشنى توختاتمىغان، كېچىلىرى قاراۋۇلخانىدىكى چىراقنىڭ يورۇقىدا پەلسەپە ئەسەرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۈزۈپ قويمىغان. فارابى تېخى كەمتەر بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇپ، لوگىكا ئىلمىنى پىششىقلاپ، لوگىكا ئىلمى ساھەسىدە ئابروي قازانغاندىن كېيىن، جاھانغا تونۇلغان چاغدىمۇ، بىر كىشى:

— لوگىكا ئىلمىگە كىم ئەڭ قابىل؟ سىزمۇ ياكى ئارىستوتېلمۇ؟ — دەپ سورىغاندا، فارابى:

— ئەگەر سىز ئارىستوتېلنى چۈشىنىدىكەنسىز، سىز ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسى بولالايسىز، — دەپ جاۋاب بەرگەن⑥. فارابى ئىلىمگە ئېتىۋار بېرەتتى، ئۇ، «ئىلىمگە ئېتىۋار بېرىش، ئالىملارنى ھۆرمەتلەش، ئالىم ۋە ئىلىم ئەھلىدىن باشقا ھەممىگە ئېتىۋار بەرمەسلىك» دېگەننى تەشەببۇس قىلاتتى⑦. ئۇنىڭ ئىزدىنىدىغان خۇشال روھىي ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى، كېيىنكى مۇتەپەككۇر ۋە پېداگوگلارغا ناھايىتى زور تەسىر قىلغان، ئىلىمنى قەدىرلەيدىغان، تالانت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسى يەنىلا قىممەتكە ئىگە.

## 7. غايىۋى جەمئىيەت

فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە سىياسىي ئىدىيىسى زىچ بىرلىشىپ كەتكەن، ئۇ سىياسەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل گۈزەل ئەخلاقىنى يېتىشتۈرۈش بولۇپ، ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى تەكىتلەپ، بىر كىشى باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشمايدىكەن، بەخت نىشانىغا يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلار بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، ئۇ مۇقەررەر باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئاندىن ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، دېگەن قارىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ ھەربىر ئىنسان مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ ياردىمى ۋە ھەمكارلىشىشىغا، باشقىلار بىلەن سىڭىشىپ كېتىشكە، بىر تۇرالغۇدا ھايات كەچۈرۈشكە ھەم ياشاشقا مۇھتاج، بۇنداق ئورتاق مۇھتاجلىق كىشىلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىردەكلىك گەۋدىسىنى — ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار» دېگەن رىسالىسىدە غايىۋى جەمئىيەتنى يەنى مەدەنىيەتلىك شەھەر ياكى پەزىلەت دىيارىنى لاھىيىلىگەنىدى. فارابى، پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى نېمىنىڭ ئەڭ زور بەخت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشىشنى بىلىدۇ. شەھەرنىڭ ھەربىر ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدا شەھەر جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئىش تەقسىم قىلىنىدۇ، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورنى بولىدۇ، ھەر كىم ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدۇ، بۇنداق شەھەر ئىلىم، ئەمگەك، ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. شەھەر ھۆكۈمرانى ئاقىل رەھبەر بولۇشى، ئۇ ھەم تەبىئىي تالانتقا ھەم كېيىنكى تىرىشچانلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇ ئون ئىككى شەرتنى ھازىرلىشى، ئەگەر ھازىرلىيالمىغاندا، ئۇنىڭ ئورنىنى پەيلاسوپ ئېلىشى كېرەك، دەيدۇ. فارابىنىڭ بۇنداق پەزىلەتلىك شەھىرى ۋە پلاتوننىڭ غايىۋى مەملىكىتى ھەم باغلىنىشلىق ھەم پەرقلىق بولۇپ، ماھىيەتتە ھەر ئىككىسى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان قۇرۇق خىيالدىنلا ئىبارەت.

# فارابىنىڭ تارىخىي ئورنى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىغا كەلگەندە، خەلقئارا ئىلىم - پەن ساھەسىدە فارابىشۇناسلىق شەكىللىنىپ، فارابىي ئىدىيىسى بارغانسېرى كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

فارابىنىڭ بۇنداق كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ پەقەت ئەرەب پەلسەپە تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا پەلسەپە تارىخىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىقىدىندۇر. ئۇ بىر پۈتۈن ئەرەب پەلسەپە سىستېمىسىنى تىكلىدى، ئۆگەندى، قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى، بولۇپمۇ ئارىستوتېلنىڭ ھەر خىل ئىلمىي قاراشلىرى ئاساسىدا، پەلسەپە ساھەسىدىكى ھەرقايسى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن دېگۈدەك ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. فارابى پەلسەپىسىدە، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىختىرا قىلىشنىڭ بىرلىكمىسى بولغان ئەرەب پەلسەپە ئالاھىدىلىكى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ قاراشلىرىنى ئۆلۈك ھالدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مۇلاھىزىسى ۋە تاللىشى ئارقىلىق ئۆز بىلىشى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇردى. فارابىنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرى كەڭ - كۆلەمدە ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشى، مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىشلىرىغا كۈچلۈك تەسىر قىلغانىدى، ئەرەب پەلسەپىسىگە بولغان تەسىرى بولسا تېخىمۇ زور بولغانىدى. ئىبنى سىنا فارابىنىڭ تەلىماتلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پەلسەپە پادىشاھى دەپ ئاتالدى، ئىبنى رۇشد ۋە ئىبنى تۇفەيلى قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭدىن ئۆگەندى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. فارابى ئۇلۇغ ئەرەب پەيلاسوپىدۇر.

## ئاساسلىق پايدىلانغان ماتېرىياللار

مۇھەممەد لېتىف جامال «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، مىسىر قاھىرە 1926- يىلى ئەرەبچە نەشرى. جېمىي سورىبا «ئەرەب پەلسەپە تارىخى»، لىۋان بېيرۇت كىتابخانىسى 1973- يىلى ئەرەبچە نەشرى. لىجىنجوڭنىڭ «ئەرەب دۇنياسى» 1983- يىلى 3- سانىغا بېسىلغان «پەلسەپە ئىككىنچى ئۇستازى فارابى» دېگەن ماقالىسى.

---

ئىزاھ:

① د. بوئېر «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، جوڭخۇا كىتابخانىسى 1958- يىلى نەشرى، 96- بەتتىكى تەرجىمانىنىڭ ئىزاھى،

② يۇقارقى بىلەن ئوخشاش، 67 - 98 - بەتلەر.

③ مۇھەممەد لېتىف جامال «ئىسلام پەيلاسوپلىرى ھەققىدە قىسسىلەر»، مىسىر قاھىرە 1926- يىلى ئەرەبچە نەشرى، 13- بەت.

④ «پەلسەپە باشلانغۇچ ساۋات ئوقۇشلۇقى»، ئەرەبچە نەشرى 11- 12- بەتلەر.

⑤ «پەلسەپىدىن سوئال - جاۋابلار»، ئەرەبچە نەشرى 50 - بەت.

⑥⑦ لىجىنجوڭ، «پەلسەپە ئىككىنچى ئۇستازى - فارابى» ،«ئەرەب دۇنياسى»، 1983- يىلى 3- سانىغا قارالسۇن.

ھۆسەنجان ئەسقەر تەرجىمىسى

# فارابى ئەرەب پەيلاسوپىمۇ؟

## يولداش سەيدىگوينىڭ «ئەرەب پەيلاسوپى فارابى» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

زارىپ دۆلەت

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» )پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى) خەنزۇچە 1987 - يىللىق 3 - سانىغا سەي دېگوي ئىمزالىق بىر ئاپتورنىڭ «ئەرەب پەيلاسوپى فارابى» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى ھېس قىلدىم:

1 - ئاپتور مەكتىپىمىزنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىلى 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەسەۋۋۇرلىرىم» ماۋزۇلۇق ماقالەمدىن ھەمدە شۇ ژۇرنالنىڭ شۇ يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان يولداش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىننىڭ «ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ لوگىكا تەلىماتى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدىن بەزى يىپتەرىسىزلىك ھېس قىلىپ بەش يىل تىرىشىپ ئىلھام تاپقاندىن كېيىن بىر ماقالە يېزىپ چىققان.

2 - ئاپتور ئۇيەر - بۇ يەردىن تېرىشتۇرۇپ تاپقان بەكمۇ چەكلىك ماتېرىياللارنى قۇراشتۇرۇپ، ھەتتا قولىدىكى شۇ ماتېرىياللارنى تولۇقراق تەھلىل قىلماي، تولىمۇ يىنىكلىك بىلەن فارابىنى «ئەرەب پەيلاسوپى» دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈپ ھۆكۈم قىلغان ۋە: «ئەسلىدە فارابىنى قايسى دۆلەتنىڭ دېگەن مەسىلىنى تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» - دەپ كۆچەپ جەزملەشتۈرگەن.

3 - ئاپتور ماقالىسىدا «فارابىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى توغرىسىدا» بىر قاتار چىگىش، زىددىيەتلىك بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەن مۇشۇ ماقالەمدە پەقەت يولداش سەيدىگوي ماقالىسىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى بولغان فارابىنىڭ نەسەبى (تەۋەلىكى) ھەققىدىكى توغرا بولمىغان قاراشلىرى ئۈستىدىلا توختالماقچىمەن. قالغان مەسىلىلەر ئۈستىدە زۆرۈر بولسا، يەنە توختىلىشىم مۇمكىن.

ئالدى بىلەن سۆزنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن باشلاش-
قا توغرا كېلىدۇ:

1 - ئاپتورنىڭ بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئالغىنى «شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەت-
لەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى
دەسلەپكى تەسەۋۋۇرلىرىم» ناملىق ماقالەم بولۇپ، ئۇنىڭ 3 - قىسمىدا: شىنجاڭدىكى
قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئويلىشىدىغان 38 ماددى-
نى ئوتتۇرىغا قويۇپ بۇنىڭ 11 - ماددىسىدا «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇلۇغ مۇتە-
پەككۇر، تارىختا «ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئارىستوتېلى»، «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت
قازانغان ئەبۇ نەسىر ئەل - فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە تەلىماتى، (تەبىئەت پەلسەپىسى
سىستېمىسى؛ ئالەم نەزەرىيىسى؛ بىلىش نەزەرىيىسى؛ لوگىكا نەزەرىيىسى؛
ئىجتىمائىي قاراشلىرى؛ سىياسىي قاراشلىرى؛ ئېتىكا قاراشلىرى؛ مائارىپ
قاراشلىرى ھەمدە «فارابى تەلىماتىنىڭ تارىخىي تەغدىرى») قاتارلىقلارنى كىرگۈزگەن
ئىدىم. مەن يەنە شۇ نەرسىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىمەنكى، مەن بۇ ماددىدىكى كۆز
قارىشىمدا ھېلىمۇ چىڭ تۇرىمەن. چۈنكى، شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پەل-
سەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئوتتۇرا ئاسىيالىق، تۈر-
كىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققان فارابىدەك بىر ئۇلۇغ مۇتەپەك-
كۇرنىڭ تەلىماتىنى پۈتۈنلەي مۇستەسنا قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئاپتور
قايىل بولمىسا ھازىردىن مىڭ يىل ئارقىغا چېكىنىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي دىيارى ۋە
ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەرەب ئىستىلاسى مەزگىلىدىكى يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق بىلەن
باغلاپ شۇ بىر تارىخىي دەۋردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى
ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە
قىلىمەن.

يولداش سەيدېگوۋى ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا دۆلەت ئايرىمىلىقى دېگەن بىر مۇجمەل
ئۇقۇمنى قوللىنىدۇ ھەمدە نوقۇل مۇشۇ بىرلا ئۇقۇمنى كۆتىرىۋېلىپ كەڭ دائىرىدە سۆز
يوگۇرتىدۇ. بىز XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى مەتبۇئات يۈزىدە يۈز كۆرۈشۈۋاتقان
بولساقمۇ، ئاما ھەر ئىككىمىز توختىلىۋاتقان فارابى بىزنىڭ دەۋرىمىزدىن مىڭ يىل
ئىلگىرى ياشىغان ۋە ئىجات قىلغان زات. مەسىلىگە زامان، ماكان، شارائىتقا بېقىپ
ھۆكۈم قىلىش تارىخىي ماتېرىيالىزمدىكى ئەقەللىي تەلەپ.

فارابى (870 — 950) زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىرىنچى
دەرىجىلىك مەسىلە ئوتتۇرا ئاسىيالىق ھۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ ئىنسانىيەت
مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى زادى قانچىلىك، دېگەن مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ قايسى
ئىمپېرىيىگە، قايسى دۆلەتكە، قايسى مىللەت - قان سىستېمىغا تەۋەلىكى مەسى-

لىسى ئەمەس. ئەمما بىز ئىككىنچى دەرىجىلىك بۇ مەسىلىنىمۇ تەتقىقاتتىن ساقىت قىلمايمىز.

لېكىن يولداش سەيدىبگۇينىڭ «دۆلەت ئايرىلمىقى» دېگەن ئۇقۇمىنى قانداق چۈشەنسە بولىدۇ، ئۇ ئىستېلاچى ئىمپېرىيىمۇ؟ بىرەر مىللەتنى ئاساس قىلغان مىللىي دۆلەتمۇ؟ ياكى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان دۆلەتمۇ؟ زادى قانداق؟

روشەنكى ئاپتور ئەرەب ئىمپېرىيىسى خەرىتىسىگە ئاساسلىنىپ فارابىنىڭ نەسەبى ئۈستىدە قارىسىغا ھۆكۈم قىلغان. بىزگە مەلۇم، ئىمپېرىيە دۆلەتنىڭ مونارخىيىلىك شەكىللىرىدىن بىرى. بۇ ئاتالغۇ ئەسلى قەدىمكى رىمدا پەيدا بولۇپ، لاتىنچە (ymperium) ئالىي ھەربىي ھاكىمىيەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق ئىمپېرىيە ئىستېلاچىلىقتىن خالى ئەمەس. ئەرەب ئىمپېرىيىسىمۇ شۇنداق. ئاپتورنىڭ لوگىكىسى بويىچە بولغاندا، ئىمپېرىيىگە مۇنقەرىز بولغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇ ئىمپېرىيىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان مىللەتكە قوشۇلۇپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا مەسىلەن: قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرلەردىكى ھەممە قەۋملەرنى بۈگۈن ئىتالىيان مىللىتى دېيىشىمىز كېرەكمۇ؟ چىڭگىز خان ئىستېلاسى مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەرلەردىكى جۈملىدىن پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى (ئەلۋەتتە شىنجاڭمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئاتاغلىق ئەرباب ۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسىنى «موڭغۇل پەيلاسوپى» دېيىشىمىز كېرەكمۇ؟ دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىدىن «ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى» خەرىتىسىگە كىرگەن (قىتئەلەردىن ھالقىپ ھەتتا ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا، ئامېرىكا، ئاۋسترالىيىلەرگىمۇ كېڭەيگەن) ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋم، مىللەت، دۆلەتلەرنىڭ سانسىزلىغان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئىنگلىزلار دېيىشىمىز كېرەكمۇ؟

يۇقىرىقىلارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مەسىلىگە توختۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ. يولداش سەيدىبگۇي كۆتۈرۈپ چىققان «...ئىمپېرىيىسى» دېگەن ئۇقۇمغا بەزىدە ياندىشىپ كېلىدىغان، بەزىدە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان يەنە باشقا ئۇقۇملار بار، مەسىلەن، «خىرىستىيان مەدەنىيىتى»، «بۇددا مەدەنىيىتى»، «ئىسلام مەدەنىيىتى» ياكى «ئەرەب مەدەنىيىتى» دېگەنگە ئوخشاشلا. لېكىن تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىيىدىن قارىغاندا ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋم، مىللەت، دۆلەت، ئىمپېرىيە، ... مەدەنىيەت دېگەنلەرنى قارا قويۇق ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ!

ئەمدى ئالدىمىزدىكى كونكرېت مەسىلىگە كەلسەك، ئەرەب قان سىستېمىسى، ئەرەب مىللىتى، ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر، ئەرەب ئىمپېرىيىسى، ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب تىلى — ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلغان مىللەتلەرنىڭ ھەر قايسىنىڭ ئۆزىگە ئائىت چەكلىمىك، خاس مەنىسى بار. مېنىڭچە، يولداش سەيدىبگۇي بۇ مۇھىم مەسىلىلەرنى قارا - قويۇق ئارىلاشتۇرىۋەتكەن. ئەگەردە، ئەرەب مەدەنىيىتىگە جۈملىدىن «ئەرەب پەلسەپىسى»

گە تۆھپە قوشقان مۇتەپەككۇر، ئالىملارئۇستىدە توختالساق ،ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئىچىگە يالغۇز
ئوتتۇرا ئاسىيالىق، تۈركىي فارابىنىلا ئەمەس، بەلكى پارس ئىبنى مۇكەففانى، يەھۇدى
يۇھەننا ئىبنى ھەيلان جىلانى، ئىبنى مەيمۇندىنى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەبۇئەلى ئى-
بنى سىينانى؛ ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركىي مۇھەممەد مۇسا خارەزمىنى ۋە باشقا نۇرغۇن
ئالىملارنى كىرگۈزۈش مۇمكىن. روشەنكى، ئەرەب ئىستىلاسى ئاقىۋىتىدە شەكىللەنگەن
ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا كەڭ زېمىنىدا ئەرەب يېزىقىنى ئاساسىي ئەدەبىي تىل قىلغان
چوڭ ئارىلاشما مەدەنىيەتكە سان - ساناقسىز مۇتەپەككۇر، ئالىم، پەيلاسوپ، سەنئەتكار
ۋە باشقىلار تۆھپە قوشقان. ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير ناملىق كىشى مەككىدىكى كەئبەنى
ئىسلاھ قىلغىنىدا ئۇنىڭغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن ئىبنى سۇرايىچ نام-
لىق مۇزىكانتنىڭ قاتناشقانلىقى؛ مىلادى 715 - يىلىدىكى تالاس ئۇرۇشىدا ئەرەبلەرگە
ئەسىر چۈشكەن خەنزۇ دۇخۇەن 杜环 نىڭ ئەرەبلەرگە قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى تو-
نۇشتۇرغانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي ئاساسلارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇلارنى ئەرەب
مەدەنىيىتىگە ھەسسە قوشقانلار دەپ مەدھىيىلەشكە بولىدىكى، ئەمما ئۇلارنى ئەرەب
دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەددى يوق!

يولداش سەيدىگۈي فارابىنىڭ ئەرەبلىگىنى ئىسپاتلاشقا كەلتۈرگەن بىرىنچى ئا-
ساسىدا: «مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - تېشىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئالىملار فارابىنى ئە-
رەب مۇتەپەككۇرى دەپ ھېسابلايدۇ دەپ كېلىپ بۇنىڭغا گىبىل، رۇسسو، بۇئېرلارنىڭ
ئىسمىنى تىزىپ قويۇپ كۆز - كۆز قىلىدۇ. ئەگەر ئاپتور ئەقەللى لوگىكىلىق تەلەپنى
بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، يۇقىرىدىكى ئەرەب مەدەنىيىتى، ئەرەب يېزىقى قاتارلىق
بىر قاتار ئۇقۇملارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، داشقايناقتا چۆكۈپ قېلىشقا رازى بولسا، ئۇ
چاغدا بۇ ئىسمىلىككە تېخىمۇ نوپۇزلۇق بولغان ف. ئېنگېلسنىڭ ئىسمىنىمۇ
قوشۇپ، ئۇنىڭ «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدىنمۇ فارابىنىڭ
ئەرەب مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى ھەققىدىكى ئاساسلارنى تېپىپ كۆچۈرۈپ قويۇش-
قا بولىدۇ. مەن بۇ يەردە كىتابخانلارنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي يولداش سەيدىگۈي
ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش «مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - تېشىدىكى ئالىملارنىڭ ... بىردەك
تارىشى» دېگەنلىرىنى مەزكۇر ماقالەمنىڭ ئاخىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن پاكىتلارغا سېلىش-
تۇرۇپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلىش بىلەن چەكلىنىمەن ئۇلار ھېچقاچان فارابىنى قان سىس-
تېمىسى، مىللەت تەۋەلىكى نۇقتىسىدىن «ئەرەب» دەپ ھۆكۈم قىلمىغان. ئەگەر يولداش
سەيدىگۈينىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ھۆكۈم قىلىنسا، ئۇ چاغدا، جۇڭگولۇق ئۇ-
لۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئە-
رەب تىلىدا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىمۇ ئەرەب ئىمپېرىيىسى» گە ئىشتىرىۋېتىشىمىز كېرەك
بولامدۇ؟ ئەلشىر ناۋائىينىڭ «فانى» تەخەللۇسى بىلەن پارس تىلىدا يېزىلغان ئىككى توم-
لۇق شېرى ئەسەرلىرىنىمۇ «فارس ئەدەبىياتى» غا ئىشتىرىۋەتسەك بولامدۇ؟، ئۇ چاغدا

نىزامى گەنجىۋى (ئەزەربەيجان)، خىسراۋدېھلىۋى (ھىندى) لەرنىمۇ ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يازغانلىقى ئۈچۈن «پارس مىللىتى» دېيىش كېرەكمۇ؟

يولداش سەيدېگوۋنىڭ فارابىنىڭ ئەرەبلىكىنى ئىسپاتلاشقا كەلتۈرگەن يەنە بىرمۇھىم دەستىكى شۇكى: «فارابى پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايون ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچىدە. فارابى ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئابباسىلار سۇلالىسى فاراب ئۆلكىسىنىڭ ۋاسىج يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، كېيىن باغدات، دەمەشىق... قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئاخىرى دەمەشىقتە ۋاپات بولغان. بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ، فارابىنىڭ جۇڭگودا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەر يوق» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ يەنە «فارابىنىڭ ئاتىسى ئاببىاسىلار سۇلالىسىنىڭ گېنىرالى بولغان پارس؛ ئانىسى تۈركىيىلىك ئايال» دەپ ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئىلگىرىلەپ فارابىنىڭ يۇرتى بولغان فاراب(ئوترار)نى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا بويىدىن كىچىك ئاسىيادىكى (تۈركىيە) بىر يېزىغا كۆچۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ يەردە مەن ئىپتىدائىي جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار ئۈستىدە كۆپ توختۇلۇپ كېتىپ ژۇرنال بەتلىرىنى زايا قىلىشتىن ساقلىنىمەن.

فاراب قەيەردە؟ تۈركىيە قەيەردە؟ فارابى دەۋرىدە «تۈركىيە» دېگەن دۆلەت بولغانمىدى؟ يولداش سەيدېگوۋي ھازىرقى خەرىتىلەردىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان فارابنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا بويىدىن تۈركىيىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە جۈرئەت قىلغان، (ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركىيي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەردىن چىققان فارابنى ئەرەبلەرگە يۆتكەپ بېرىپلا قالماي، ھەتتا دادىللىق بىلەن فارابىنىڭ يۇرتى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فاراب رايونىنىمۇ ئەرەبىستانغا يېقىنراق بولغان XIII - ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تۈركىيىگە يۆتكىۋەتكەن). ئاتىسى پارس (ئاپتورنىڭ ھۆكۈمىگە بىردەم قوشۇلۇپ تۇرايلۇق) ئانىسى تۈرۈك① بولغان بۇ ئوغۇل ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپلا ئەرەب بولۇپ قالامدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ يەردە ئاپتور ئۆزىگە دەستۇر قىلىۋالغان ت.ج. بوئېرنىڭ كىتابىدىكى خاتا قاراشلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، لوگىكىلىق زىددىيەتلەرگە چۆكۈپ قالغان بولسا كېرەك.

يەنە ئېيتايلۇق، يولداش سەيدېگوۋي فارابىنىڭ ئاتىسىنى نەسەپ جەھەتتە پارس، ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتە ئەرەب، ئاببىاسىلار خەلىپىلىكىنىڭ گېنىرالى قىلىپ قويغان. بىز ئىگەللىگەن تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، پارابىنىڭ ئاتىسى فارىسىمۇ ئەمەس. ھەتتا مۇسۇلمان بولغانمۇ ئەمەس. ئۇ چاغدا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بىر «پارس كىشىسى ئۆزىگە «... ئۇزلۇق، تارخان ...» دېگەن تۈركىي نام فامىلىلەرنى قويىۋالالىشى مۇمكىنمىدى؟ ئەرەب ئىستىلاسى فاراب قەلئەسىگە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا فاراب ئوتراردىكى بىر كىچىك تۈركىي ئەمەلدارنى ئاببىاسىلار خەلىپىلىكىنى گېنىرالغا ئايلاندۇ-

① ئەھۋالغا قارىغاندا ئاپتورىمىز تۈرك 土耳其 بىلەن تۈركىي 突厥 دىگەن ئاتالغۇلارنىمۇ پەرق ئەتمەسە كېرەك.

روپ قويۇش تېخىمۇ كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

يەنە بىر پاكىتقا نەزەر سالايلى: ئىسلاملاشقان سامانى قوشۇنلىرى فاراب رايونىنى ئىشغال قىلغان 893-يىللىرى، فارابى، ئاپتورنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۆسمۈرلۈك يېشىدا ئەمەس، بەلكى 23 ياشلىق يىگىت بولۇپ، ئۆز يۇرتىدا ياشاۋاتاتتى. ئاندىن كېيىنكى يىللاردا ئەرەب ئەللىرىگە بارغان، ئۇ يەردە ئىجاد قىلغان، بۇنىڭ بىلەن فارابى ئەرەب بولۇپ كېتەمدۇ؟

يولداش سەيدېگۈي ماقالىسىنىڭ 1-بەت 3-ماددىسىدا فارابىنىڭ ئەرەبلىكىنى ئىسپاتلاشقا يەنە بىر ئابزاس توختۇلۇپ «فارابىنىڭ بىۋاستە شاگىرتى ئەبۇزەكەرىيە، ۋاستىلىق شاگىرتى ئىبن سىنالارنىڭ ھەممىسى ئەرەب مۇتەپەككۇرلىرى» دەپ قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ تېخىمۇ بىر كۈلكىلىك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە قەۋەتمۇ-قەۋەت تەۋەنلەپ، ئەقەللىي فورمال لوگىكىلىق سىللوگىزىمىگىمۇ چۈشمەيدىغان ئويۇن قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ لوگىكا بويىچە بولغاندا، فارابى ئەرەب پەيلاسوپى بولۇپ قالدى. شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ بىۋاستە شاگىرتلىرىدىن (بۇ مەسىلىگە توختالمايلۇق) باشقا ۋاستىلىق شاگىرتلىرى بولغان ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا قاتارلىق دۇنيا ئېتىراپ قىلغان بىر قاتار ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇتەپەككۇرلارمۇ ئەرەب بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ لوگىكا بويىچە يەنە ئىلگىرىلەپ ھۆكۈم قىلىنسا، ئىبن سىنانىڭ ۋاستىلىق ۋارىسلىرىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئەرەب پەيلاسوپى بولۇپ قالامدۇ؟ ئۇنداقتا، ئاپتور ئارتۇقچە جاپا چېكىپ فارابىنىڭ ئەرەبلىكىنى ئىسپاتلاشقا قىينالماي ئولتارمايلا، ئارىستوتېلنىڭ ۋاستىلىق شاگىرتى بولغان فارابىنى گىرېك پەيلاسوپى دەپ ھۆكۈم قىلغىنى يېخشىراق بولمامدۇ؟

يولداش سەيدېگۈي ئۆز ماقالىسىدا فارابىنىڭ نەسەبى-مىللەت تەۋەلىكىنى ئەرەبلەرگە مەنسۇپ قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنغان تۈپ ئىدىيىسىدىن چىقىپ، بۇنىڭغا «مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە تېشى»، «شەرق ۋە غەرب» تىكىلەرنى بولۇپمۇ ئەرەب مەنبەلىرىنى ئاساس قىلماقچى بولىدۇ. شۇڭا مەن ئاپتور ۋە خالىس كىتابخانلارنىڭ نەزىرىگە «پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن» دېگەن ئىلمىي تەبىر بويىچە تۆۋەندىكى چەكلىك تارىخىي مەنبەلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن.

1. «ئەلفارابى 870-يىلى سىر دەريا يېنىدىكى فاراب شەھىرىدە تۈركىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن». — ئا. قاسىمجانوۋ: «ئوترارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر»، («ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئەلفارابى ئېقىل ۋە ئىلىم ھەققىدە» توپلىمى)، 1975-يىل، ئالمۇتا رۇسچە نەشرى، 2-بەت:

2. فارابى فاراب شەھىرىدە تۈركىي قەبىلىدە دۇنياغا كەلگەن» — ئا. قاسىمجانوۋ: «ئەلفارابى»، 1971-يىل، ئالمۇتا، رۇسچە نەشرى، 4-بەت.

3. «ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىدە ئىككىنچى ئۇستاز دەپ شۆھرەت قاراز-

غان ئەبۇنەسىر مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد ئىبىن تارخان ئىبىن ئۇزلوغ ئەلفارابى ئارىسىن دەرياسى سىر دەرياغا قۇيۇلىدىغان جايدىكى فارابتا، تۈركىي ئائىلىدە 870 - يىلى دۇنياغا كەلگەن» — ب.گ. غوپۇروۋ. ئا. قاسىمجانوۋ: «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەلفارابى»، 1975 - يىلى موسكۋا رۇسچە نەشرى، 24 - بەت.

4. «تارىخنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، فارابى ئوترار شەھرىدە (ئىنىقراقى ئوترار-دىكى ۋاسىچ قەلئەسىدە) قىپچاق ئۇرۇغىدىكى تۈركىي ئائىلىسىدە ئالەمگە كەلگەن» — ئا. ماشانوۋ: «ئەبۇ نەسىر فارابى» («ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى ئۇلۇغ ئالىم-لار» توپلام)، 1965 - يىل، ئالمۇتا، رۇسچە نەشرى، 25 - بەت.

5. «ئوتتۇرا ئاسىيادا X - IX ئەسىرلەردە تەجرىبە پەنلىرى ئاساسىدا ئىلغار پەلسەپىۋى يۆنىلىش شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى مەشھۇر مەتەپەككۇر ئەبۇ-نەسىر مۇھەممەد فارابى بولۇپ، ئۇ سىر دەريا ياقىسىدىكى فارابتىن ئىدى» — ئىبرا-ھىم مۆمىنوۋ: «ئەسەرلەر»، 1 - توم «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇرلىرى»، 1976 - يىل، تاشكەنت، رۇسچە نەشرى، 141 - بەت.

6. «... شۇنداق قىلىپ فارابى ئوغۇز ياكى قارلۇق تۈركلىرىنىڭ ھەربىي ئائى-لىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى ئانچە چوڭ بولمىغان ھەربىي باشلىق ئىدى» — م. خەيرۇللايوۋ: «فارابى. دەۋرى ۋە تەلىماتى»، 1975 - يىل، تاشكەنت، رۇسچە نەشرى، 155 - بەت. (خەيرۇللايوۋ بۇ ئابزاسنى بارتولىدنىڭ «ئەسەرلەر»، 2 - توم، 125 - بېتىگە ئاساسلىنىپ ئالغان.)

7. «ئۇنىڭ ماقالىلىرى» «ئەرەبچە»، «تۈركچە» ياكى «پارسچە» بولسىمۇ، ئۇ ئەرەب يېزىقىدىكى مەشھۇر ئاپتورلار خارەزمى، فارابى، ئىبىن سىنا، بىرۇنى ۋە باشقىلار - قاتارىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى بىلەن باغلانغانىدى» — م. خەيرۇللايوۋ: «ئەبۇنەسىر فارابى» («ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق پەلسەپە مىراسلىرى-دىن» توپلام)، 1972 - يىل، تاشكەنت رۇسچە نەشرى، 108 - بەت.

8. «ئەبۇنەسىر مۇھەممەد ئىبىن مۇھەممەد ئىبىن ئۇزلۇق ئىبىن تارخان فارا-بى 872 - 873 (ھىجرىنىڭ 260 - يىللىرى ئارىسىن دەرياسى سىر دەرياغا قۇيۇلىدىغان يەردىكى فاراب دېگەن جايدا تۇغۇلغان. مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن بەزىلىرى ئۇنى ۋاسىچتا تۇغۇلغان دېسە، بەزىسى قىدىرلىق (كۆل بىلگە قىدىرخان نامىدىكى يۇرت) دېيىشىدۇ. فارابىنىڭ يەرلىك تۈركىي قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى تە-كىتلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىغا كۆپىنچە «ئەتتۈركى» دەپ قوشۇلغان، «سىر دەريا ياقىسىدا ياشايدىغان تۈركىي قەبىلىلەر، جۈملىدىن فارابتا ياشايدىغان ئاھالە ئاسا-سەن قارلۇقلار ۋە ئوغۇزلاردىن ئىبارەت ئىدى» — م. خەيرۇللايوۋ: «ئويغۇنۇش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرلىرى»، تاشكەنت، 1971 - يىل، ئۆزبەكچە نەشرى، 125 - 126 - بەتلەر.

9. «شۇنداق قىلىپ فارابى تۈركلەرنىڭ ئوغۇز ياكى قارلۇق قەبىلىسىدىكى

هەربىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن» (42 - بەت)، «ئۇنىڭ تۈركلىكىنى تەكىتلەش مەقسىتىدە «ئەتتۈركى» دەپ ئاتاشقان» (41 - بەت)، «ئۇ ئەرەب تىلى ۋە گىراماتىكىسىنى باغداتتا ئۆگەندى» (45 - بەت) — م. خەيرۇللايوۋ: «ئەبۇنەسىر فارابى»، 1982 - يىل، موسكۋا رۇسچە نەشرى، 41 - 45 - بەتلەر.

10. «ئوتتۇرا ئاسىيالىق يەنە بىر يىرىك مۇتەپەككۇر ئەبۇنەسىر فارابىدۇر» — ئا. ئىرىسوۋ: «خارەزمى ۋە فارابى»، 1961 - يىل، تاشكەنت ئۆزبەكچە نەشرى، 10 - بەت.

11. «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىدىن كېلىپ چىققان ئەبۇنەسىر فارابىنىڭ (950 - يىلى ۋاپات قىلغان) نامى شەرق پەلسەپىسىنىڭ ئۇتتۇقلىرى بىلەن باغلانغان» «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، 1956 - يىل، ئۆزبەكچە 1 - توم، 252 - بەت.

12. «ئەبۇنەسىر فارابى IX - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا سىر دەريا بويىدىكى فاراب قىشلىقىدا تۇغۇلغان. فارابى ئائىلىسى تۈركىي قەبىلىلەردىن ئىدى» — ن. م. موللايوۋ: «ئۆزبەك ئەدەبىيات تارىخىي» 1965 - يىل تاشكەنت، ئۆزبەكچە نەشرى، 99 - بەت.

13. «ئەلفارابى (870 — 950) ئەبۇنەسىر مۇھەممەد تارخان ئەسلى تۈرك ئىدى» — هىنرى جورج فارمىر: «ئەرەب مۇزىكا تارىخى»، 205 - بەت هۇسەيىن ئەلى مەھفۇز كىتابى، 310 - بەت.

14. «ئەڭ ئۇلۇغ مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرى ئەلفارابى (950 - يىلى ۋاپات بولغان) ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى» — ھ. ئا. ر. گىبب: «ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى» خەنزۇچە 1980 - يىل نەشرى، 97 - بەت.

15. «گىرېك پەلسەپىسىنى ئىسلامىيەت بىلەن كېلىشتۈرۈش ئىشى ئەرەب ئەل كىندى تەرىپىدىن باشلاندى، تۈركىي فارابىدا داۋاملاشتۇرۇلدى، پارس ئىبىن سىنادا ئاياغلاشتى» — فىلىپ ھىستىتى: «ئەرەب ئومۇم تارىخىي» 1979 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 435 - بەت.

16. «فارابى 870 - يىلى سىر دەريا بويىدىكى فاراب شەھىرىدە ئۇيغۇر - قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ بىر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن»، «قارلۇقلار ئۇيغۇر ياكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى» — شەرىپىدىن ئۆمەر «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 298 - بەت.

17. «بۈيۈك ئالىم ئەبۇنەسىر ئىبىن مۇھەممەد ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇغ فارابى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قارلۇق خانلىقىغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھرىدە ھىجرىيە 257 - يىلى (مىلادى 870 - يىلى) دۇنياغا كەلدى. — ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»، 1987 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى، 229 - بەت.

يۇقىرىدىكى يەككە ئاپتورلاردىن تاشقىرى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىدا دۇنياۋى نوپۇزغا ئىگە ئىككى ئىنسىكلوپېدىيىدىن ئۆزۈندە كۆرسىتىپ ئۆتەي:

«ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر پەيلاسوپ، ئېنسىكلوپېدىست ئالىم»، «فارابى تۈركىي قەبىلىلەردىن بولغان ھەربىي خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان»، «ئۇ دەسلەپكى بىلىملىرىنى ئانا يۇرتىدا ئالدى. تاشكەنت (شاش) دا بولدى. بۇخارا، سەمەرقەنتتە ئوقۇدى. كېيىن ئۆز بىلىمىنى ئارتتۇرۇش ئۈچۈن ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ مەدەنىي مەركىزى بولغان باغداتقا قاراپ يول ئالدى. باغداتتا بۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ تۈرلۈك ئۆلكىلىرىدىن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرى توپلانغان ئىدى. ئۇ يەرگە بارغىچە فارابى ئىران شەھەرلىرىدە (ئىسفاھان، ھەمەدان، راي) ۋە باشقا جايلاردا بولدى» «ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1979 - يىل ئۆزبەكچە نەشرى 12 - توم، 146 - 147 - 148 - 149 - 150 - بەتلەر.

يولداش سەيدېگوۋي بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ فارابى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان بەش بېتىنى ئوقۇمايلا پەقەت ۋاراقلاپ نەزەر سالسىلا، بىزنىڭ يۇقىرىدىكى ھۆكۈملىرىمىزگە ئاساس بولالايدىغان ئەسەرلەردىن (ھەتتا فارابىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىن) 14 نۇسخىسىنىڭ مۇقاۋىسىنى كۆرەلەيدۇ).

«فارابى سىر دەريا بويىدا ئەزەلدىن تارتىپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان ئوترااردا تۇغۇلغان. 870 - يىل ئەتراپىدا ئەرەبلەر ئوترارنى فاراب دەپ ئاتىغان. شۇ بويىچە ئالىمۇ فارابى بولۇپ قالغان». «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» 2 - توم 9 - بەت.

يولداش سەيدېگوۋي ئۆز ماقالىسىنىڭ «فارابىنىڭ پەلسەپىۋى ئېدىيىسى» دېگەن قىسمىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا (دېنىيك قاتارلىقلارنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە) چىققان «پەلسەپە تارىخىي» ناملىق ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال. ئەپسۇسكى ئاپتور ئاشۇ نەقىلنىڭ 5 - 6 قۇر يۇقۇرىدىكى بىر ئابزاس سۆزنى كۆرمەسلىككە سېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن. ئاپتور بەلكىم كىتابخانلارنىڭ بۇ ئابزاسنىمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئېھتىمالىنى ئويلىمىغان بولسا كېرەك. مېنىڭچە مۇنداق «چاققانلىق» ئىلمىي تەتقىقات ئەخلاقىغا مۇناسىپ ئەمەس. ئاپتور ئۆزىنى قاچۇرغان بۇ ئابزاستا مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ: «X ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەن ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر تەرەققىياتىدا، سىر دەريا بويىدىكى فارابتا تۇغۇلغان ئەبۇنەسىر ئەل - فارابى (870 — 950 - يىللار) غايەت زور رول ئوينىدى». — «پەلسەپە تارىخى» 1957 - يىل. موسكۋا. رۇسچە نەشرى 1 - توم 241 - بەت.

يولداش سەيدېگوۋي ئۆز ماقالىسىدا فارابىنىڭ نەسەبىي توغرىسىدا ئەرەب يېزىقىدىكى مەنبەلەرنى پەش قىلىدۇ، شۇڭا مەنمۇ بۇ مەنبەلەرنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە مەجبۇرمەن:

دوكتور ھۈسەيىن ئەلى مەھفۇز «فارابى ھەققىدە ئەرەب مەنبەلىرى» ناملىق ئەسىرىدە (1975 - يىل. باغدات، ئەرەبچە، 480 بەتلىك) قەدىمدىن ھازىرغىچە فارابى ھەققىدە يېزىلغان 114 پارچە ئەسەردىن ئۈزۈندىلەرنى توپلىغان. بۇ كىتابتا ھۈ-

سەيىن ئەلى مەھفۇز ئۆزى توپلىغان نوپۇزلۇق مەنبەلەر ئاساسىدا مۇقەددىمە ماقالىسى يېزىپ، فارابىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا بويىدىكى فارابلىق تۈركىي ئائىلىدىن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ كىتابنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا 06396 - نومۇردا ساقلانماقتا، كۆپىيە نۇسخىسى شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسىدا ساقلانماقتا. بۇ كىتابتا فارابىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا (ماۋرائۇننەھر) دىكى فاراب شەھىرىلىك، تۈركىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى تەكىتلىگەن ئاپتورلاردىن بىرنەچچە ئونىنى ئاتاپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

مۇشۇ ئاپتورلار ئىچىدىن، ئالايلۇق، ئەل كىپتى، ئىبن ئۇسەيبىيە، ئىبن خەللىكان، ئەلۋەردى، سەفەدى، ئەل يەقىنى، ئىبن ئەسىر، ئەل ئەھلى، مۇھەممەد ئەل جاتائىرى، سەئىد ئاببباس ئەلمۇكى، سەئىد مۇھەممەد باقىر، سەئىد ئەلى، يۈسۈپ سىركەس، شەيخ ئاببباس ئەلقۇمى، مۇھەممەد فەرىد ۋەجدى، دوكتور ئەلى ئابدۇلۋاھىت قاتارلىقلار فارابىنى ئۇنىڭ يۇرتى فاراب نامى بىلەن فارابى دەپ ئاتاش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «ئەتتۈركى» يەنى «ئەبۇنەسىر مۇھەممەد ئەتتۈركى ئەلفارابى» دەپ ئاتىغان. («ئەتتۈركى» دېگەن ئۇقۇم فارابىنىڭ تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ).

يۇقىرىدىكى ئاپتورلاردىن ئەھمەد ئىمىن «زۇھرۇل-ئسالام» ناملىق ئەسىرىدە «ئەلفارابىنىڭ ئەسلى تۈركىيدۇر» (يۇقىرىدىكى كىتاب 262 - بەت) دېسە، ھاجى ھاشىم مۇھەممەد رەجەپ «ئەلماقام ئەل ئىراق» ناملىق ئەسىرىدە (شۇ كىتاب 305 - بەت): «ئەبۇنەسىر مۇھەممەد ئىبن تارخان تۈركىي نەسلىدىن ئىدى، ئۇ فارابدا ھىجرىيىنىڭ 257 - (مىلادى 870 - يىلى) تۇغۇلغان» دەپ قەيت قىلىدۇ. مۇھەممەد فەرىد ۋەجدى بولسا: «ئەلفارابى يەنى ئەبۇنەسىر مۇھەممەد ئىبن تارخان - تۈرك پەيلاسوپى بولۇپ، ئۇ، مۇسۇلمان پەلسەپىسىدە مەشھۇر ھەم ئۇلۇغ ئىدى» دەپ يازغان (شۇ كىتابنىڭ 337 - بېتىدە)

يۇقىرىدىكى ئاپتورلاردىن بىرقانچىسى «فارابى ئەتتۈركى باغداتقا بارغان چاغدا ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغان بولۇپ، ئەرەب تىلىنى ئۇنىڭغا ئەبۇ بەكرى ئىبن سىراجىدىن ئۆگەتكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. يۇقىرىدىكى ئاپتورلاردىن بىرقانچىسى بىردەك: فاراب شەھىرى ئوترار بولۇپ، شاشتىن (ھازىرقى تاشكەنت) يۇقىرىدا، بالاساغۇنغا يېقىن تۈركىي شەھەرلەردىن بىرى ئىدى. ئۇ چىن (جۇڭگو) نىڭ كاشغەر (قەشقەر) شەھىرىگە تولىمۇ يېقىن تۇراتتى، دەپ يازىدۇ. (ئەپسۇسكى يولداش سەيدىگۈي ئۆز ماقالىسىدا ئەقەللىي جۇغراپىيىلىك ساۋاتنىمۇ قايرىپ قويۇپ) ئوترار - فارابنى تۈركىيەگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ ئۇنىڭغا «ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى» دېگەن سىياسىي - مەمۇرىي نام قويىدۇ).

مەتبۇئاتىمىزنىڭ جەكلىك سەھىپىسىنى ئويلاپ گېپىمىزنى مۇشۇ يەردە توختاتتۇق. زۆرۈر بولۇپ قالسا، كېيىن يەنە تەپسىلىي توختىلارمىز.

# يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىمى سەكيا قايا

ۋاڭشاۋجيەن

جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك، مەدەنىيەتلىك، قەدىمكى دۆلەت. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پارلاق مەدەنىي مىراسلىرىنى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەت خەلقلىرى ئورتاق ياراتقان. زور ھەجىملىك، قىممەتلىك تارىخىي ئەسەر «يىگىرمە تۆت تارىخ» قا يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سىياسىيون، تارىخشۇناس سەكيا قايانىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن. سەكيا قايانىڭ خەنزۇچە ئىسمى لىيەنخۇيسەن، تەخەللۇسى گوڭ لياڭ بولۇپ، قۇبلايخاننىڭ جىيۈەن 12 - يىلى (مىلادى 1275 - يىلى) تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئارغۇن قايا خىلى بۇرۇنلا يۈەن تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ ئىچكىرىگە بېرىپ ماكانلاشقان، ھەمدە پادىشاھلىق تەرىپىدىن «داروغاچ» (ئومۇمىي ئىشلار باشقۇرغۇچىسى) لىققا تەيىنلەنگەن. لېكىن سەكيا قايا دادىسىدىن ناھايىتى كىچىكلا يېتىم قالغان. شۇندىن ئېتىبارەن ئانا - بالا ئىككەيلەن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈنى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدۇ. گۆدەك سەكياقايا ئاچلىق - يالىڭاچلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىدۇ. كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىك، جاپالىق تۇرمۇش سەكيا قايانى ئۈمىتسىزلەندۈرەلمىدى، ئۇ بەك تىرىشچاق بولۇپ، ئۆگىنىپ ھارمايتتى، ئۇ بولۇپمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئىدى. سەكياقايا ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا خەنزۇ تىلى ۋە خەنزۇ يېزىقىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرىۋالىدۇ. سەكيا قايا 16 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسىنىڭ ئورنىدا ۋەزىر بولۇپ تۇرىۋاتقان كونا دوستى ئۇنى ئوردا مۇھاپىزەتچى لەشكەرلىكىگە تونۇشتۇرماقچى بولىدۇ. يۈەن دەۋرىدىكى مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەرنىڭ ئىشى ئاسان، تەمىناتى يۇقىرى بولغاچقا، ئادەتتە بۇنداق ئوبدان پۇرسەتكە نۇرغۇن كىشىلەر تەلەپ قىلىپمۇ ئېرىشەلمەيتتى. ئەمما سەكيا قايا مۇھاپىزەتچى لەشكەر بولۇشقا پەقەت ئۇنىمايدۇ. ئۇ ھېلىقى ۋەزىرگە:«يېقىندىن بۇيان پادىشاھلىق ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىۋاتىدۇ. مەن بۇنداق نام - مەنپەئەتكە ئوقۇش بىلەن ئېرىشمەكچىمەن» دەيدۇ.

سەكيا قايا يۈەن يىڭزۇڭنىڭ جىژ جىژ 1 - يىلى كېجۇ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تەشرىپدارلىققا ئېرىشىدۇ. ئوردا ئۇنىڭغا شۇنجۇ مەھكىمىسىنىڭ نائىبلىق ئەمەلىنى بېرىدۇ.

ئۇ بۇ ۋەزىپىدە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي،ماردوس ئىسىملىك بىر ئوقياچىنىڭ ئۆز كۆ-چىگە تايىنىپ پۇقرالارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ زورلۇق زومبۇلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەل - خالايىقنىڭ ئۇنىڭغا چىش تىرنىقىدىن ئۆچ ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ شۇنجۇ مەھكىمىسىدىكى باشقا ئەمەلدارلار ماردوسنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ ئۇنى جازالاشقا پېتىنالماي كەلگەن ئىدى. سەكياقايا ماردوسنىڭ كۈچ - ھەيۋىسىدىن قىلچە قورقماستىن بۇ زومگەرنى،قانۇن بويىچە جازالاپ شۇنجۇلوق پۇقرالارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى «يىگىزوگخان خاتىرىسى» بىلەن «رېن زوگخان خاتىرىسى»نى تۈزىدىغانغا سەكيا قايا ئوردا تارىخ مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىگە تونۇشتۇرۇلىدۇ، ھەم قوشۇمچە مۇپەتتىش بېگى بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ يەنە دىۋان مەھكىمىسىدىكى بىر زالىم ۋەزىرنىڭ خىيانەت قىلىپ، ئەمىر - پەرمانغا خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، مەنسىپىگە تايىنىپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھېچقانداق خىيىم - خەتەرگە قارىماي، پادىشاھقا مەلۇماتنامە سۇنۇپ، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ، ئۇ ئۆز ھەمراھلىرىغا: «مۇبادا بۇ قىلغانلىرىم بىلەن بېشىمغا بىرەر بالا تېپىۋالسام ئۆز بۇر-چۇم ئۈچۈن دەپ ھېساپلايمەن، بۇنىڭغا قىلچە ئارمىنىم يوق» دەيدۇ. ئارقىدىنلا خانغا مەلۇماتنامە سۇنۇپ ئەمىر پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان چوڭ ئەمەلدار ملكلى دۇڭئا ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شۆھرىتى ئەل - يۇرتقا پۇركېتىدۇ، سەكياقايا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇ ئىشلىرى بېگى، مىرزا بەگ، مۇپەتتىش بەگ، سەندۇگنىڭ ياساقچى بېگى قاتارلىق ئەمەللەرنى تۇتۇپ خەلققە نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ سۇ ئىشلار بېگى بولۇپ تۇرغاندا دەريالارنىڭ لاتقىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ دەريا سۈيىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئەسكەر ۋە پۇقرالارنى تەشكىللەپ لىيەنشۈي دەرياسى توسمىسى بىلەن چىشۈي دەرياسى توسمىسىنى ياساپ چىقىدۇ ھەم چىگدۇگتوسمىسى قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ؛ ئۇ مىرزا بەگ ئەمىلىنى ئۆتەۋاتقاندا يۈەنخويزوگغا مەكتۇپنامە سۇنۇپ، خان جەمەتىنىڭ ھەر يىلى 2 - ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇتقا تاۋاپ قىلىش مۇراسىمىنىڭ خەلققە ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ، پادىشاھقا ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ.

ئۇ سەندۇگنىڭ ياساقچى بېگى بولۇپ تۇرغاندا نەچچە ئايغا بارمايدىغان ۋا-قىت ئىچىدىلا «سەندۇگ رايونىنىڭ تۈز قانۇنىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلىشى» دەك يامان ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، دۆلەتنىڭ باج كىرىمى بىلەن خەلقنىڭ ئىستېمالىغا كاپا-لەتلىك قىلىدۇ، يۈەنشۈندىنىڭ جىجېڭ 3 - يىلى 4 - ئايدا ئوردا «لياۋ تارىخى»، «جىن تارىخى». «سۇڭ تارىخى» قاتارلىق ئۈچ تارىخنى تۈزۈپ چىقىشنى بەلگىلەيدۇ، بۇنىڭغا يۈەن خانلىقىنىڭ ۋەزىرى باشقا ئىشلاردىن تامامەن بوشاپ «باش نازارەتچى»

دېگەن نام بىلەن ئۈچ تارىخنى يېزىپ چىقىش ئىشىغا شەخسەن ئۆزى باشچىلىق قىلىدۇ. بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئەلگە تونۇلغان سەكيا قايا ۋاڭيى، شۇبىڭ، چىنزىساڭ قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۆلىما بىلەن بىرلىكتە «لىياۋ تارىخى» نى يېزىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ، شۇندىن كېيىن سەكياقايا پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ يۇقىرىدىكى 3 نەپەر خەنزۇ ئالىمى بىلەن بىرلىكتە بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن لىياۋۋسېلۇ يازغان «خاتىرىلەر»، جېنچېن دارىن تۈزگەن «لىياۋ تارىخى»نى يېتەكچى ماتېرىيال قىلىپ، قوشۇمچە «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»، «قىدانلار ھەققىدە تەپسىرات» قاتارلىق كىتابلاردىن، شۇنداقلا ھەرخىل كىتابلاردا يېزىلغان «قىدانلار ھەققىدە قىسسە» دىن، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، ئابىدىلەردىن ۋە يازما خاتىرىلەردىن پايدىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ، «شەجەرە» دىن 30 پارچە، «تەزكىرە» دىن 32 پارچە، «رويخەت» دىن 8 پارچە، «تەرجىمىھال» دىن 45 پارچە، «بەگلىكلەر تارىخى ئىزاھى» دىن بىرتوم جەمئىي 116 پارچە ئەسەر يېزىپ، قىدان مىللىتىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا قۇرغان لىياۋ ھاكىمىيىتىنىڭ 219 يىللىق تارىخىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق مۇكەممەل خاتىرىلەپ بەرگەن. يۈەنشۇندىنىڭ جىژجېڭ 4 - يىلى 3 - ئايدا «لىياۋ تارىخى» يېزىپ تاماملىنىپ، يۈەنشۇندىنىڭ جىژجېڭ 5- يىلى رەسمى بېسىلىپ چىقىدۇ.

سەكيا قايا قاتارلىقلار يازغان بۇ «لىياۋ تارىخى» ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر تەرىپىدىن «كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدىغان بىردىنبىر ئەسەر» دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ كىتاب ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ «24 تارىخ»نىڭ «20 - تارىخى» نى تەشكىل قىلىپ كەلمەكتە، ئۇ شۇنداقلا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان لىياۋ بەگلىكىنىڭ گۈللىنىش، خاراپ بولۇش ئۆتمۈشى تەپسىلى خاتىرىلەنگەن بىردىن بىر يازما يادىكارلىقتۇر.

«لىياۋ تارىخى» دا بەزى كەمچىلىكلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۈتۈقلار بار. خاتىرىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە «لىياۋ» تارىخىنى ئالدىنقى 19 تارىخقا سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭدا بەزى يېڭىلىقلار بار. مەسىلەن: «لىياۋ تارىخى» دىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك «گازارمىلار تەزكىرىسى» دە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا قىدان خەلقىنىڭ «بىرەر كۆتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەرگەندە ئۇرۇش قىلىش بىلەن تاقابىل تۇرۇشنى ئۆز بۇرچى دەپ بىلىدىغان، ئاساسەن مال بېقىش، بېلىق تۇتۇش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تۇرمۇش تارىخى» خاتىرىلەنگەن.

«لەشكىرى قىسىملار تەزكىرىسى» دە لىياۋ خانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتى ئىخچام خاتىرىلەنگەن. ئۇ يەنە «قەبىلىلەر رويخىتى» دە نۇرغۇن شەخسلەر ۋە ۋەقەلەرنى ئىخچام بايان قىلغان. «بەگلىكلەر تارىخى ئىزاھى» دا لىياۋ خانلىقىنىڭ تىلى — قىدان تىلىدا خاتىرىلەنگەن قەبىلە ئىسىملىرى، ئەمەل ناملىرى ۋە يەر ناملىرىغا ئىزاھ بېرىپ «لىياۋ تارىخى» نى ئوقۇشقا نۇرغۇن ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەن. سەكيا

(ئاخىرى 109 - بەتتە)

# سۋېن ھېدىن

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

(Sven Anders Hedin 1865 – 1952)

سۋېن ھېدىن شىۋېتسىيىلىك جۇغراپىيە ئالىمى ھەم ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەلا نەتىجىدە پۈتتۈرۈپ، ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. 1881 - يىلى يەنە گېرمانىيىنىڭ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ شىۋېتسىيە ۋە بېرلىندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا جۇغراپىيە كەسپىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ بۇ جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. 1885 - يىلى، ئۇ، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن باكۇغا بېرىپ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1886 - يىلى ئۇ مېسوپوتامىيە ۋە پارس قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىش بىلەن بىللە، مەلۇم تەكشۈرۈشلەرنىمۇ ئېلىپ بارغان. 1890 - يىلى شىۋېتسىيە پادىشاھى پارسلارغا ئەلچى ئەۋەتكەندە، سۋېن ھېدىن ئۇلارغا تەرجىمان بولۇپ بارغان. ئەلچىلەر سۆھبىتىنى تۈگىتىپ قايتقاندىن كېيىنمۇ ئۇ شۇ جايدا تۇرۇپ قېلىپ، تاكى غەربىي تۈركىستان قاتارلىق جايلارغىچە ئېكسپېدىتسىيە قىلغان. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئىسسىق كۆل ۋە تەڭرى تاغلىرىغىچە كېلىپ، 1891 - يىلى شىۋېتسىيىگە قايتقان. ئۇ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا تۆت قېتىم كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

سۋېن ھېدىن گېرمانىيىگە بېرىپ ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، 1894 - يىلى 10 - ئايدا پېتېربۇرگدىن ئات ھارۋىسى بىلەن يولغا چىقىپ تاشكەنت، پەرغانە، پامىر ئارقىلىق 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. قەشقەردە ئۇزۇن مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، 1895 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەردىن بارچۇققا كەلگەن. ئۇنىڭ مەقسىتى — تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى خوتەن قاتارلىق جايلاردىن قەدىمكى ئىنسانلارغا ئائىت مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تېپىش ئىدى. شۇڭا ئۇ 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بارچۇقتىن يولغا چىقىپ، يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خوتەن دەرياسى بويىدا كېتىۋاتقاندا قازاغا يولۇقۇپ بىر ئادەم بىلەن سەككىز تۆگە ئۆلگەن. قالغان ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار يەرلىك چارۋىچىلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىپ كەتكەچكە، 6 - ئايدا ئارانلا قەشقەرگە كېلەلىگەن. ئۇ قەشقەردە تۇرۇپ زۆرۈر بولغان

ئەسۋابلارنى ۋە ماددىي كۆچنى تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 12 - ئايدا جەنۇبىي يول ئارقىلىق خوتەنگە كەلگەن. كېيىنكى يىلى 1 - ئايدا كېرىيىگە بارغان. يول ئۈستىدە ئۆيلۈك خارابىسى قاتارلىق بىر قانچە ئىزلاردا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، زور تۈركۈمدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپقان. 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كۇچاغا بېرىپ بىر ھەپتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن قاراشەھەر، كورلا قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. كېيىن كۆنچى دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئىلىك دەرياسىنى تاپقان. 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، 7 - ئايدا ئەسلىدىكى يولى بىلەن شىمالغا بارغان. 11 - ئايدا چىڭخەي ئارقىلىق شىنىڭغا، ئاندىن بېيجىڭغا بارغان. شۇ جەرياندا ئۇ 550 پارچە خەرىتە سىزىپ چىققان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدىن كۆپلىگەن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن. 1897 - يىلى ئۇ ئىستوكهولىمغا بارغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىن توپلىغان مول ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرىنى يېزىپ، 1898 - يىلى نەشىر قىلدۇرغان.

سۇېن ھەيدىن 1899 - يىلى شۋېتسىيە پادىشاھىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىدىغان ئېكسپېدىتسىيىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشكەن. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ قەشقەرگە كېلىپ، ئاندىن تارىم دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ ئۇچرىغانلىكى قەدىمكى ئىزلاردا تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغان. كېيىنكى يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي يولىنى بويلاپ مېڭىپ چەرچەنگە كەلگەن. 3 - ئايدا لوپنۇر قۇملۇقىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ كرورەن خارابىسىنى تاپقان. كېيىن ئۇ، پىلان بويىچە شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىغا بېرىپ ئاندىن يەنە لوپنۇر رايونىغا قايتىپ كەلگەن. 1901 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ كرورەن خارابىسىدا نۇۋەتتىلىق قېزىش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە ئۇ بۇ جايدىن قارۇشتى، بىراھما، خەنزۇ ۋە باشقا تىل - يېزىقلاردىكى ۋەسىقىلەردىن نەچچە ئون باغلام تاپقان. ئۇندىن باشقا تۇرمۇشقا دائىر ئەسۋابلار، زىننەت بۇيۇملىرى، ساپال قاچىلار، بودا ۋە مانى دىنلىرىغا ئائىت ھەيكەل - قوچاقلارنىمۇ تاپقان. سۇېن ھەيدىن بۇ غەنىمەتلەرنى نەچچە ئون ساندۇققا قاچىلاپ، ئۆز ئادەملىرىدىن نازارەتچى بەلگىلەپ كارۋان بىلەن شىۋېتسىيىگە ماڭدۇرغان. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە بېرىپ 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەشمىرگە قايتقان. 1902 - يىلى 5 - ئايدا ئۇ يامىر ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. ئاندىن ئۇ قەشقەر تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئىزلاردا تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قاپقان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ ئىستوكهولىمغا قايتقان. شۇندىن كېيىن ئۇ شىنجاڭدىن ئېلىپ بارغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاخىرىدا «1889 — 1902 - يىللىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ ئىلمىي

ئەتىجەلىرى» دېگەن سەككىز توملۇق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ۋە 1904 — 1907 - يىللىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشىر قىلدۇرغان.

سۋېن ھەيدىن 1906 - يىلى ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا كەشمىردىن يولغا چىقىپ، پۇقراچە كىيىنىپ ساياھەتچى نىقابىنى بىلەن شىنجاڭ چېگرىسىغا كىرگەن. قەشقەر، خوتەنلەردە بىر مەزگىل تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگە بارماقچى بولغان، ئەمما 1907 - يىلى 1 - ئايدا يول ئۈستىدە قورچاق ئەمەلدارلار تەرىپىدىن توسۇلۇپ قىلىپ ئارقىسىغا قايتقان. دەل شۇ ۋاقىتتا بەنچەن لامانىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ باھانىسىدا ھەممە جايغا توسالغۇسىز بېرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياللۇزاڭبو دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ 2 - ئايدا شىزاڭنىڭ جەنۇبىيدىكى رىخازىغا بارغان. ئۇ جايدىكى زابىلسۇن بۇتخانىسىدا بەنچەن لاما بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كەشمىرگە قايتقان. ئۇندىن كېيىن ھىندى دەرياسى بويلىرىدا تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغان. لېكىن ئۇ بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىگە رازى بولماي، قول ئاستىدىكى ئەترەتنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، قايتىدىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ شىزاڭغا كىرگەن. ئەمما بۇ قېتىممۇ يول ئۈستىدىكى شىزاڭ دائىرىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ، پەقەتلا شىزاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلارنى تەكشۈرۈپ قايتقان. 1908 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى شىمىلاغا بارغان. شۇ يىلى ئۇ توكيو جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ياپونىيىگە بېرىپ داگوگۇاڭرۇي قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشقان. ياپونىيىدىن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، 3 - قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن «ھىمالايادىن ئۆتۈش» ناملىق ئۈچ توملۇق ئەسىرىنى يازغان. ھەمدە ئۇنى 1917 — 1922 - يىللىرى نەشىر قىلدۇرغان.

1927 - يىلى سۋېن ھەيدىن شىنجاڭغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا گېرمانىيىگە چاقىرتىلغان. بۇ ۋاقىتتا گېرمانىيىنىڭ خەنزۇ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بېرلىن — بېيجىڭ — شاڭخەي ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋا قاتناش لىنىيىسىنى پىلانلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، بۇ ئارىلىقنى تەكشۈرۈش، پىلانلاشنى سۋېن ھەيدىنغا تاپشۇرغان. ئەمما ئۇ گېرمانىيە ۋە شۋېتسىيىلىك ئالىملارنى باشلاپ جۇڭگوغا كەلگەندە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تەكشۈرۈش، پىلانلاش ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو غەربىي شىمالىنى تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىنى تەشكىللەپ يولغا چىققان. سۋېن ھەيدىن 1927 - يىلى 5 - ئايدا بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ باۋتۇ ئارقىلىق گوبىينى كېسىپ ئۆتۈپ ئېجىنا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ساھىلىدىكى سوگنۇرغا كېلىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقان بولغاچقا خالىغان جايلىرىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭغا قايتىپ بارغاندا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قىلىپ ئامېرىكىغا بارغان ۋە بوستون دوختۇرخانىسىدا داۋالانغان. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە

قايتىپ كېلىپ ھەرقايسى تارماق ئەترەتلەر ئارا خىزمەتتە بولغان. 1933 - يىلىغا كەلگەندە غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى بەلگىلىگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ تارقالغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇلاپلا مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئىچكى موڭغۇلدىن شىنجاڭغىچە بولغان ئارىلىقتا تاشيول ياساشنى پىلانلىغان ھەم بۇ ئارىلىقنى تەكشۈرۈپ، پىلانلاش ۋەزىپىسىنى سۋېن ھەيدىنغا ھاۋالە قىلغان. سۋېن ھەيدىن بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققان. ئەمما يول ئۈستىدە ماجۇڭيىڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، كورلىدا قامالغان. ئۇنىڭ ماشىنىسىنىمۇ ماجۇڭيىڭ تارتىۋېلىپ ئۇرۇشقا ئىشلەتكەن. ئىككىنچى يىلى يەنى 1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە قاچقاندا سۋېن ھەيدىنمۇ تۇرمىدىن بوشىنىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ يىلى 3 - ئايدا ئۈرۈمچىدىن لوپنۇرغا بېرىپ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا ئۇ لوپنۇر كۆلىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن بولۇپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە لوپنۇر كۆلىنى «كۆچمە كۆل» دەپ يەكۈن چىقارغان. كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە شىڭشىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۆت ئاي تۇرمىدە ياتقان. 10 - ئايدا تۇرمىدىن چىقىپ 1935 - يىلى 7 - ئايدا شىئەنگە بارغان. كېيىن ئۇ نەنجىڭدە مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. 1936 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شۋېتسىيىگە قايتقان. ئۇنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشقان. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ھەرقايسى پەن ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، 1937 - يىلىدىن باشلاپ، دوكتور سۋېن ھەيدىن يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو — شۋېتسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى» دېگەن تېما بىلەن نەشر قىلىنغان. ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توپلىنىپ 55 توم قىلىنغان. ھازىر ئۇنىڭ «ماجۇڭيىڭنىڭ قاچقۇنلۇق خاتىرىسى» دېگەن كىتابى 1987 - يىل 2 - ئايدا نىڭشيا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى.

(بېشى - 105 بەتتە)

قايا ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان «لىياۋ تارىخى» پۈتكەندىن كېيىن سەكياقايا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خېنەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى، تەرغىبات مەھكىمىسىنىڭ تەرغىباتچىسى قاتارلىق ئەمەللەرنى ئۆتىگەن. ئۇ خېنەندە ۋەزىپە ئۆتىگەن چېغىدا ئوردىغا خۇاڭخې دەرياسىنى تىزگىنلەش ھەققىدە خەلقنىڭ كۈچىنى ئاسرايدىغان پىكىرنى بەرگەن. ئەپسۇسكى تەكلىپ قوبۇل قىلىنمىغان.

سەكيا قايا ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە يىللىرىدا، يۈەن خانلىقى خەنلىن مەھكىمىسىنىڭ ئۆلىماسى بولۇپ مەخسۇس يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ جىژېڭنىڭ 6 - يىلى (مىلادى 1346 - يىلى) ۋاپات بولىدۇ. شۇ يىلى ئۇ 71 ياشتا ئىدى.

«ئەدەبىيات تارىخى ژۇرنىلى» 1986 - يىلى 3 - سانىدىن ئابلەت يۇنۇس تەرجىمىسى.

# مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال - تەمسىل ۋە ئۆگۈت - نەسىھەتلەر

تەھرىردىن: ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ XI - ئەسىردىن بىزگىچە مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدا، سۆزلەرنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن كۆپلىگەن ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز، ئۆگۈت - نەسىھەتكە دائىر بىر مۇنچە ئوبرازلىق پەلسەپىۋى ئىبارىلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بۇلاردىن مۇتلەق كۆپ قىسمى مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋردىن خېلى بۇرۇنلا ئاتىدىن - بالىغا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىدىن ئىبارەت. ھازىر، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئاپتونوم رايونىمىزدا كەڭ تۈردە نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغان بولسىمۇ، مۇشتىرىلىرىمىزنىڭ كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن XI ئەسىردىن بۇرۇنقى ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز، ئۆگۈت - نەسىھەتلەر بىلەن XI ئەسىردىن كېيىنكى خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان ماقال - تەمسىللەرنى سېلىشتۇرۇپ پايدىلىنىشىغا، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئىزدىنىشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، يولداش مەمتىلى زۇنۇن نەشىرگە تەييارلىغان بۇ ماقال - تەمسىل ۋە ئۆگۈت نەسىھەتلەرنى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىشنى لايىق تاپتۇق. ھەمدە XI ئەسىر تەلەپپۇزىدىكى ئەسلى تېكىستنى قالدۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىلىنىشىنىلا بەردۇق.

## ماقال - تەمسىللەر

1 . قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. (1 - توم، 7 - بەت)

2 . تازنىڭ كېلەر يېرى بۆكچىنىڭ دۇككىنى. (35 - بەت)

3 . قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن. (48 - بەت)

4 . ئىم① بىلسە، ئەر ئۆلمەس. (54 - بەت)

5 - باتۇر يېغىدا بىلىنەر، ئالچاق② جاڭجالدا. (58 - بەت)

6 - ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرىنەر. (59 - بەت)

① ئىم — ھەربىي قوشۇنلاردا باش قوماندان تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن مەخپىي بەلگە - پارول.

② ئالچاق: 1) يۇۋاش، مۇلايىم، يۇمشاق كۆڭۈل؛ 2) يامان، بۇزۇق، ئەسكى، خائىن.

7. ئوت دېگەنگە ئېغىز كۆيمەس. (61 - بەت)

8. زامان ئۆتەر، كىشى تويماس، ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس. (62 - بەت)

9. قازان ئېيتۇر تۈۋۈم ئالتۇن. چۆمۈچ ئېيتۇر مەن نەدىمەن؟ (73 - بەت)

10. ئېگىر① بولسا، ئەر ئۆلمەس. (75 - بەت)

11. تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۈرسە، قوتۇر بولار. (76 - بەت)

12. ئېغىز يېسە، كۆز ئۇيىلار. (77 - بەت)

13. ئۆكۈزنىڭ پۇتى بولغىچە، موزاينىڭ بېشى بولغان ياخشى. (81 - بەت)

14. جان ئېسەن بولسا، تاڭ (قالارلىق) ئىشلارنى كۆپ كۆرەر. (84 - بەت)

15. ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە، ئېيىقمۇ شۇنچە يول بىلىدۇ. (86 - بەت)

16. ئېغىلدا ئوغلاق تۇغۇلسا، ئېرىقتا ئوتى ئۈنەر. (89 - بەت)

17. تەييار (بارى) ئالدىغا قويۇلسا، يوقتا سانالماس. (92 - بەت)

18. ئۇچا يېغىرى ئۇغۇلغا قالار. (92 - بەت)

19. كۈندە يېرىق يوق، بەگدە يېنىۋېلىش يوق. (95 - بەت)

20. ئىشچانىنىڭ ئېرىنى ياغلىق، ھورۇننىڭ بېشى قانلىق. (96 - بەت)

21. ئېلىمچى ئارسلان، يېرىمچى چاشقان. (103 . بەت)

22. ئاتان② يۈكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كۆرىنەر. (104 - بەت)

23. ئېسەن ئادەمدە ئالدىراش يوق. (105 - بەت)

24. ئاغرىقنىڭ ۋەسىيىتى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. (108 - بەت)

25. ئاچ نېمە يېمەس، توق نېمە دېمەس. (108 - بەت)

26. ھىلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس. (111 - بەت)

27. تولۇنئاي قول بىلەن كۆرسىتىلمەس. (112 - بەت)

28. سۈرەن چىقسا، ئۇرۇق - تۇغقان جەملىشەر، يېغا كەلسە، خەلق توپى تەۋرىشەر. (119 - بەت)

29. ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا. (123 - بەت)

30. بەلگە بولسا، يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا، سۆزدىن قايماس. (123 - بەت)

31. مېھمان كەلسە، قۇت كېلەر. (124 - بەت)

32. قاچىنىڭ ئاغزى كىچىك بولسا، پەركانىڭ چوڭىنى قوي. (125 - بەت)

33. ئەركەچ③ گۆشى ئەم بولار، ئۆچكە گۆشى يەل بولار. (129 - بەت)

---

① ئېگىر - قوساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى.

② ئاتان - ئاتان تۆگە.

③ ئەركەچ - بىر ياشلىق تېكە.

34 . يىراق يەر خەۋىرىنى كارۋان كەلتۈرەر. (132 - بەت)

35 . ئۆزگە كىشىنىڭ مىلى مال سانالماس. (134 - بەت)

36 . ئورتاق ئۆز ئورتىغىدىن ئارتۇق ئالماس. (134 - بەت)

37 . تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەككىلى بولماس، دېڭىزنى قىپىق بىلەن بۆككىلى بولماس. (136 - بەت)

38 . غاز كەتسە، ئۆدەك كۆلنى ئىگىلەر. (140 - بەت)

39 . ئەرسىزگەن ئەرگە تېگەلمەس، ئالدىراڭغۇ ئۆيىگە يېتەلمەس. (140 - بەت)

40 . چورۇق بولسا، ئادەم ئۇلدىماس؛ ئىچلىك بولسا، ئات يېغىر بولماس. (141 - بەت)

41 . ئەندىك① مېھمان ئۆي ئىگىسىنى ھۇرمەتلەر. (143 - بەت)

42 . ئەدەپ ئەردەمنىڭ بېشى تىل. (145 - بەت)

43 . ئەمگەك بىكار كەتمەس. (149 - بەت)

44 . ئەندىز② بولسا، ئات ئۆلمەس. (156 - بەت)

45 . ئىتقا ئۇيات كىرسە، ئۇلتاڭ يىمەس. (157 - بەت)

46 . بويىناقۇقا ئەللىك قېرى بۆزدىمۇ ئىشتان چىقماس. (158 - بەت)

47 . ئوغلاق يىلىكسىز، بالا بىلىمسىز. (162 - بەت)

48 . ھىنگان ئىگىرسا، بوتا بوزلار. (163 - بەت)

49 . بەش بارماق تەكشى ئەمەس. (164 - بەت)

50 . ئەشكە③ تېۋىنسا، ئوغۇل تاپار. (167 - بەت)

51 . ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس. (167 - بەت)

52 . ئىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەس، تۆگە بويىنىنى ئەگرى دەر. (171 - بەت)

53 . ئېرىنچەككە بۇلۇت كۆلەڭگۈسى يۈك بولار. (186 - بەت)

54 . باتۇرلارنى خور قىلما، يۈگرەك ئاتنى يېغىر. (187 - بەت)

55 . توق تۇرمۇشلۇق ئادەم تىز قېرىماس. (199 - بەت)

56 . ئوزۇقلۇق ئادەم ھارماس. (200 - بەت)

57 . ئېمىكلىك خوتۇن ئىشتەيلىك بولار. (207 - بەت)

58 . تاشنى چايىنىغىلى بولمىسا، سۆيۈش كېرەك. (221 - بەت)

59 . كۈمۈش كۆنگە قونسا، ئالتۇن ئۆز ئايىقى بىلەن كېلەر. (223 - بەت)

---

① ئەندىك - ئۆندەرەش.

② ئەندىز - يەردىن قېزىۋېلىنىپ، ئاتنىڭ قوساق ئاغرىقىغا دورا قىلىنىدىغان بىر خىل يىلتىز.

③ ئەش - يولداش، ھەمراھ.

60 . ئوتنى يالقۇن بىلەن ئۆچۈرگىلى بولماس. (238 - بەت)

61 . ئەت تىرناقتىن ئايرىلماس. (239 - بەت)

62 . ئىت چىشلىمەس، ئات تەپمەس دېمە. (240 - بەت)

63 . باتۇرلار بىلەن ئۇرۇشما، بەگلەر بىلەن تىركەشمە. (246 - بەت)

64 . ئىككى بۇغرا ئىكىشەر، ئارىدا كۆكۈيۈن يانچىلار. (253 - بەت)

65 . ئۇسسىغانغا ئالتۇن پۈتۈنلەي سۇ كۆرۈنەر. (257 - بەت)

66 . ئادەم بالىسى كۆپكەن تۇلۇمغا ئوخشار، ئاغزى يېرىلسا، يېلى چىقىپ بوشار. (263 - بەت)

67 . قۇرۇق ياغاچ ئىگىلمەس، قۇرۇغان كىرىچ تۈگۈلمەس. (266 - بەت)

68 . ماختانچاق ئىشتىنىنى بۇلغار. (273 - بەت)

69 . تاي ئات بولسا، ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەر بولسا، ئاتا تىنۇر. (277 - بەت)

70 . قۇلاق ئىشىتسە كۆڭۈل بىلەر، كۆز كۆرسە ھەۋەس كېلەر. (284 - بەت)

71 . قورال تەييار بولسا، قۇلۇنلۇق بولار، قورالنى ئۇنۇتسا، تۇتقۇن بولار. (288 - بەت)

72 . سۇ بەرمەسكە سۈت بەر. (293 - بەت)

73 . يۇۋاش بىلەن ئۇرۇش، يۈزسىز بىلەن ئېيتىشما. (296 - بەت)

47 . ئىشتىنى پۈتۈن خالىغان يېرىگە ئولتۇرار. (299 - بەت)

75 . تاپقۇش ئىسقىرتسا، ئۆلۈم چىقار. (304 - بەت)

76 . كېڭەشلىك ئىش ئۆزلىشەر، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار. (309 - بەت)

77 . سىنىمىسا ئېزىقىدۇ، ساقلانمىسا ئوتقۇزىدۇ. (322 - بەت)

78 . ئوڭغا تارتقان ئىش بۇزۇلدى. (324 - بەت)

79 . تۈندە بۇلۇت ئۆرتەنسە، خوتۇن ئوغۇل تۇغقاندەك بولار، تاڭدا بۇلۇت ئۆرتەنسە، ئۆيىگە يېغا كەلگەندەك بولار. (333 - بەت)

80 . ياقىسىدىكىنى يالايمەن دەپ، ئىلكىدىكىدىن ئايرىلىپتۇ. (336 - بەت)

81 . قاغا غازنى دورىسا، پۇتى سۇنار. (338 - بەت)

82 . بىر دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىسا، ھەممە دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىماس. (361 - بەت)

83 . ساقالنى ئوينار، ساقاقنى پىچار. (372 - بەت)

84 . ئېلىم كەچ قالسا، ئۇنىڭغا پۇت چىقىدۇ. (386 - بەت)

85 . ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا، بەخت تاپار. (400 - بەت)

86 . يېغىننى سەل چاغلىسا، باشقا چىقار. (401 - بەت)

87 . بۆك ـ باراقسان سۆگەتكە قۇش قونار، چىرايلىق قىزغا سۆز كېلەر. (419 - بەت)

88 . كىم جەسۇر بولسا، شۇ مەغرۇر بولىدۇ. (425 - بەت)

89 . تەسكەيدە قار ئۆكسۈمەس، قويدا ياغ ئۆكسۈمەس. (426 - بەت)

90 . بېخىل كىشىنىڭ داڭقى چىقماس. (427 - بەت)

91 . بوش (تۇرغان) نەرسىگە ئىگە بولماس. (431 - بەت)

92 . قىشنىڭ زىياپىتى ئوت. (433 - بەت)

93 . كۆل پۆۋلىگىچە، چوغ پۆۋلىگەن تۈزۈك. (439 - بەت)

94 . قول يېغا، ئىت بۆرە. (439 - بەت)

95 . كۆنگە باقسا، كۆز قامىشار. (442 - بەت)

96 . قىردىق يىلغىچە باي بىلەن كەمبەغەل تەڭلىشىدۇ. (454 - بەت)

97 . تاتسىز① تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس. (455 - بەت)

98 . قارا بۇلۇتنى يەل ئاچار، ھۆكۈمەت ئىشىكىنى پارا ئاچار. (459 - بەت)

99 . سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك، قېيىنغا قاتتىقلىق يارىشار. (462 - بەت)

100 . قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس. (465 - بەت)

101 . باردا مىس، يوقدا ئالتۇن. (467 - بەت)

102 . كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ، تەككەن يېرىنى يارىلايدۇ. (468 - بەت)

103 . چېقىر كۆز ئىت ئاتقا باراۋەر كېلەر، چېقىر كۆز ئات ئىتقىمۇ باراۋەر كەلمەس. (471 - بەت)

104 . قاچ - قاچ بولسا، ھېچكىم بىر - بىرىگە قارىماس. (478 - بەت)

105 . ئۇ كېچىكنى سۇ ئېلىپ كەتتى. (479 - بەت)

106 . قۇدۇقتا سۇ بار، ئىت بۇرنى تەگمەس. (485 بەت)

107 . بېلىقنىڭ ئۆزى سۇدا، كۆزى تاشقىرىدا (491 - بەت)

108 . ياياقنىڭ ئېتى چورۇق، كۆچى ئوزۇق. (494 - بەت)

109 . قۇرۇق قوشۇق ئېغىزغا يارىماس، قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقماس. (497 - بەت)

110 . قوناق بېشىنىڭ سىيرەك بولغىنى ياخشى. (499 - بەت)

111 . پىچاق ھەرقانچە ئىتتىك بولسىمۇ، ئۆز سېپىنى يونيالماس. (499 - بەت)

112 . تېزەك قاردا ياتماس، ياخشى - يامان قېتىلماس. (502 - بەت)

113 . تۆشۈك سۇدا بىلىنەر. (503 - بەت)

114 . ئاچ ئالدىراڭغۇ، توق بىغەم. (503 - بەت)

115 . باتۇر سەپتە سىنىلار، دانا يىغىندا. (504 - بەت)

116 . قاينام دەريا كېچىكسىز بولماس. (507 - بەت)

---

① تات - پارس. (بىرىنچى توم 455 - بەت).
تات - توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزەرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. (ئىككىنچى توم 409 - بەت).

117 . قىلىقلىماي دېسە قىزىل كىيەر، ياراي دېسە يېشىل كىيەر. (512 - بەت)

118 . ئوت تۇتۇنسىز بولماس، يىگىت گۇناھسىز بولماس. (521 - بەت)

119 . ساپان ۋاقتىدا پۇختىلىق بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس. (523 - بەت)

120 . قېرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قاراپتۇ. (524 - بەت)

121 . قېرىلار سۆزى بىكار كەتمەس، تال چىۋىق باغ يېشىلمەس. (532 - بەت)

122 . خانىنىڭ ئىشى بولسا، خېنىمنىڭ ئىشى قېلىپ تۇرار. (533 - بەت)

123 . قوغۇن تالانسا، ئىگىسىمۇ ئىككى قولى بىلەن تالار. (534 - بەت)

124 . تىلەمچىگە بەر مىڭ ياڭاق، تاپانغىلى بەر تاياق. (544 - بەت)

125 . قۇلان پادىسى يول باشلىغۇچىسىز بولماس. (554 - بەت)

126 . قارغىنىڭ قېرىسىنى كىم بىلەر، كىشىنىڭ ئالىسىنى كىم تاپار؟ (554 - بەت)

127 . تاۋغاچ خانىنىڭ تورقىسى تولا، ئۆلچىمەي پىچماس. (556 - بەت)

128 . بەخت بەلگىسى بىلىم. (557 - بەت)

129 . تىل بىلەن نېمەتكە ئېرىشەر. (558 - بەت)

130 . ئۇچرىغانلا كىشى ئۆز بولماس، يات بىلەن تۇغقان تەڭ بولماس. (563 - بەت)

131 . ئۆلگىسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ تاشقىنى قاشلايدۇ. (571 - بەت)

132 . قۇشنىڭ ئەسكىسى سېغىزخان، ياغاچنىڭ ئەسكىسى ئازغان... (572 - بەت)

133 . بۆرىنىڭ ئورتاق، قوزغۇننىڭ دەرەخ بېشىدا. (573 - بەت)

134 . ئۆيدىكى موزاي ئۆكۈز بولماس. (582 - بەت)

135 . قىردىكى قىرغاۋۇلنى ئوۋلايمەن دەپ، ئۆيدىكى توخۇنى قولدىن چىقىرىپ قويما. (583 - بەت)

136 . كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس. (584 - بەت)

137 . بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە قۇم ياغار. (598 - بەت)

138 . ھەرقانچە ئاخماق بولسىمۇ، ھەمرا ياخشى؛ ھەرقانچە ئەگرى بولسىمۇ، يول ياخشى. (598 - بەت)

139 . ئۆلۈكنىڭ يۈزى سوغاق. (605 - بەت)

140 . ئۆز ئىشىغا پۇختا، باشقىلارغا يۆلەنمەيدىغان ئادەم قىشلاققا ئىگە بولغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. (607 - بەت)

141 . يەر ياستۇرۇقى تاغ، خەلق باستۇرۇقى بەگ. (609 - بەت)

142 . ئەلدە ئەنسىزلىك كۆپىيىپ كەتسە، ئەقىل ئازىيىپ، توغرا يولدىن تايىدۇ؛ بىھۇدە گەپنى قىلىۋەرسەڭ، ئىگىڭنى تېپىپ، ئاغزىڭ قۇرۇيدۇ. (610 - بەت)

143. چوخچا تاشتا ئوت بولماس، تازچاقتا ئۇيات بولماس. (613 - بەت)

144. ياخشى سۆز قەدەھقە ئىگە قىلىدۇ... (615 - بەت)

145. مالنى سويۇپ، قۇيرۇقىغا بارغاندا پىچاقنى سۇندۇرۇپ قويما. (618 - بەت)

146. قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما. (619 - بەت)

147. غاز توپى باشلامچىسىز بولماس. (634 - بەت)

148. ئېشەك: «بېشىم ئامان بولسا، دېڭىزدىن سۇ ئىچىمەن»، دەيدىكەن. (641 - بەت)

149. گۆرۈستاندا ئۆي بولماس، توپىلاڭ (يەر)دە ئوۋ بولماس. (671 - بەت)

150. خامان تەپمەك سۇندۇكنىڭ ئىشى ئەمەس. (682 - بەت)

151. ئۆي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىنلا بەلگىلىك. (684 - بەت)

152. چىرايىغا قارىما، ئەدەپ ئەخلاقىغا قارا. (2 - توم، 9 - بەت)

153. ھەي ئۇيغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس. (14 - بەت)

154. ئىچى پۇشمىسا بوز قۇش تۇتار، ئالدىرىمىسا ئاق قۇش تۇتار. (15 - بەت)

155. ئالدىراقسان چىۋىن سۈتكە چۈشەر. (17 - بەت)

156. مۈشۈك بالىسى مىياڭلاپ تۇغۇلار. (18 - بەت)

157. تايغاننىڭ يۈگۈرىكىنى تۈلكە سۆيمەس. (20 - بەت)

158. زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە، ئىنساپ ۋە قائىدە - يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار. (23 - بەت)

159. بالا سۇ تۆكەر، چوڭنىڭ يانپىشى سۇنار. (25 - بەت)

160. ئالدىرىغان ئۆيگە يېتەلمەس. (25 - بەت)

161. تىل بىلەن تۈگۈلگەن چىش بىلەن يېشىلمەس. (26 - بەت)

162. تىكمىگىچە ئۈنمەس، تىلىمىگىچە تېپىلماس. (27 - بەت)

163. چاقماق چېقىلسا ئوت تۇتىشار، سۆز ئاڭلىتىلسا مەقسەت بىلىنۇر. (31 - بەت)

164. ئەل قالار ئادەت قالماس. (32 - بەت)

165. بىر قاغا بىلەن قىش كەلمەس. (34 - بەت)

166. تۇتۇشمىغىچە (ئارا) تۈزەلمەس، شامال چىقمىغىچە (ھاۋا) ئېچىلماس. (93 - بەت)

167. (كىم) تۈتۈن قوپارسا، (ئۆزى) ئىسلىنۇر، (94 - بەت)

168. يۈكنى كۆتەرگەن تۆگە چۆمۈچىنىمۇ كۆتۈرۈدۇ. (98 - بەت)

169. ئاتا بالىسى ئاتىسىدەك تۇغۇلار. (106 - بەت)

170. كۆككە تۈكۈرسە، يۈزىگە چۈشەر. (107 - بەت)

171 . ئادەم بالىسى مۆكىلىنىۋەرمەس، ئىت بالىسى يېتىلىۋەرمەس. (112 - بەت)

172 . سۆكۈشۈپ (تىللىشىپ) ئۇرۇشار، ئارىدا تون تىتىلار. (118 - بەت)

173 . كىچىكلەر چوڭلارغا تەڭ تۇرالماس، قۇرغۇي شۇڭقارغا قارشى چىقالماس. (126 - بەت)

174 . تاغ تاققا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشۇر. (139 - بەت)

175 . مۈشۈك قوزۇقتىكى چاۋا ياققا تېگەلمەي، كىشىنىڭ مىلى (ماڭا) ياراشماس دەر. (144 - بەت)

176 . ياخشىلىقنى سۈنىڭ ئايىقىغا تاشلا، بېشىدىن ئىزلە. (154 - بەت)

177 . يوتقاندىن ئارتۇق پۇت سۇنۇلسا ئۈششۈيدۇ. (193 - بەت)

178 . ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىسا بولماس. (204 - بەت)

179 . ئارسلان ھۆكۈرىسە ئات ئايىقى كالۋالىشىدۇ. (207 - بەت)

180 . سۆزگە مەززە قىلسا، تۇتقۇن بولۇر. (213 - بەت)

181 . كۆزنىڭ (قانداق) كېلىشى يازدىن مەلۇم بولىدۇ. (243 - بەت)

182 . ئەردەمسىزدىن قۇت كېتىدۇ. (332 - بەت)

183 . تۆگە سىلىكىنسە، ئېشەككە يۈك چىقار. (358 - بەت)

184 . كىچىكىدە قېتىقىنسا، ئۆلگايىغاندا سۆيۈنەر. (390 - بەت)

185 . بويۇنتاۋلىق قىلسا، بوينى زەنجىرلىنىدۇ. (396 - بەت)

186 . قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلىدۇ، ئادەم تاتلاشسا ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ. (410 - بەت)

187 . ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئىگەرنىڭ كۆكى ئۈچ. (413 - بەت)

188 . كېپىل بولغىچە، ئوت تۇت. (426 - بەت)

189 . زامانە قېرىتقانغا پەدەز ئەيىب ئەمەس. (445 - بەت)

190 . ئاتىسى ئاچچىق ئالما يىسە، ئوغلىنىڭ چىشى قامار. (456 - بەت)

191 . ھەرىنىڭ چىشىغا تەگسە چاقىدۇ. (482 - بەت)

192 . ساچراتقۇدىن بىر قېتىم قورققان قۇش قىرىق يىلغىچە ئاچا ياغاچ ئۈستىگە قونماس. (485 - بەت)

193 . ئاتىنىڭ بېشىنى نۇقتىلاپ يە. (3 - توم، 10 - بەت)

194 . تار توقلانغان كېلىن يۇۋاش كۈيەۋ تاپار. (13 - بەت)

195 . ئىش پەيتىگە باقىدۇ، سودىگەر پايدىغا. (15 - بەت)

196 . ئۆپىرىغان يا قېپىدىن مەزمۇت يا چىقىدۇ. (20 - بەت)

197 . نەرسە يوقاتقان (كىشى) ئانىسىنىڭ قوينىنىمۇ ئاختۇرىدۇ. (21 - بەت)

198 . كۆپ سۆزنى چۈشەنگىلى بولماس، تىك قىيانى يىقىتقىلى بولماس. (24 - بەت)

199 . تاغاق سۆڭكى بۇلغانسا، يۇرتقا پاراكەندىچىلىك چۈشىدۇ. (25 ـ بەت)

200 . يېپەكلىك ياماق يېپەك رەختكە، يۇڭ ياماق يۇڭ رەختكە (لايىق كېلىدۇ.) (36 ـ بەت)

201 . تۆشۈك ئۈنچە يەردە قالماس. (38 ـ بەت)

202 . ئاشنىڭ تاتىقى تۇز بىلەن. (40 ـ بەت)

203 . قارا كۈن كەلمىگىچە قارا يالغا① كەچمە. (42 ـ بەت)

204 . ئانىسى ھېيلىگەر يۇپقا ياپار، ئوغلى زېرەك قوشلاپ ئالار. (43 ـ بەت)

205 . كېپىنەك تون② قانچىلىك كونىراپ كەتسىمۇ، يەنە يامغۇرغا يارايدۇ. (51 ـ بەت)

206 . ئىلان يار يۈزىدىن قاچىدۇ، ئۇ نەگە بارمىسۇن، يەنە يار يۈزىگە دۇچ كېلىدۇ. (52 ـ بەت)

207 . ياتنىڭ ياغلىق لوقمىسىدىن ئۆزىنىڭ قانلىق مۇشتى ياخشى. (57 ـ بەت)

208 . ياش ئوت كۆيمەس، ئەلچى ئۆلمەس. (63 ـ بەت)

209 . ئىپارلىق خالتىدىن ئىپار كەتسە، ھىدى قالار. (65 ـ بەت)

210 . خىزمەت تاشنى يارار، تاش باشنى يارار. (79 ـ بەت)

211 . خاتالاشمايدىغان ئوۋچى بولمايدۇ، يېڭىلىشمەيدىغان دانىشمەن بولمايدۇ. (80 ـ بەت)

212 . تۆگە مىنىپ قوي ئارىسىغا يوشۇرۇنالماس. (81 ـ بەت)

213 . تەلەيلىككە قوش كېلەر. (82 ـ بەت)

214 . كىشى مەڭگۈ ياشىماس، گۆرگە كىرسە ئارقىغا يانماس. (87 ـ بەت)

215 . قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس. (89 ـ بەت)

216 . ئاتىسىنىڭ تونى ئوغلىغا ياراسا، ئاتىسىنى خالىماس. (117 ـ بەت)

217 . كېچىلەپ يۈرسە كۈندۈزى سۆيۈنەر، كىچىك ئۆيلەنسە ياشانغاندا سۆيۈنەر. (118 ـ بەت)

218 . كىشى سۆزلىشىپ، ھايۋان ھىدلىشىپ. (142 ـ بەت)

219 . شاراپ بولماي تۇرۇپ، سىركە بولما. (167 ـ بەت)

220 . قۇلان قۇدۇققا چۈشسە، پاقا ئايغىر بولۇر. (169 ـ بەت)

221 . مۇزدىن سۇ تامار. (169 ـ بەت)

222 . قورققان كىشىگە قوي بېشى قوش كۆرۈنەر. (174 ـ بەت)

223 . تىلى يامان ئەردىن يالغۇز ـ تۇللۇق ياخشى. (183 ـ بەت)

224 . ئادەم بالىسى ئەيىپسىز بولماس. (191 ـ بەت)

---

① قارا يالغا ـ تۇرك يۇرتى بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدىكى تىك داۋان.

② كېپىنەك تون ـــ پادىچىلار قار ـ يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېپىنىۋالىدىغان يەڭسىز تون.

225 . بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس، ئوغلاق مۈڭگۈزى ساپ بولماس.
(198 - بەت)

226 . توغرا كەتكەن كېمىنىڭ كۆزىدىن باشقا يارىسى يوق. (207 - بەت)

227 . يازدا قاتتىق ئىشلىسە، قىشتا سۆيۈنەر. (218 - بەت)

228 . تونۇش ئەمەس كىشىدىن تونۇش شەيتان ياخشى. (219 - بەت)

229 . كۆزنىڭ كېلىشى ئەتىيازدىن بەلگىلىك بولىدۇ. (220 - بەت)

230 . ھاسىسى بار تېيىلماس، گۇۋاچى سۆز بىلەن ئىشەنچ قازىنالماس.
(228 - بەت)

231 . تۆگە چوڭ بولسىمۇ، مايىقى چوڭ بولماس. (230 - بەت)

232 . ھەمراھلىرىغا ئاچچىقلاپ، قوشۇنغا گەپ قىلمىدى. (289 - بەت)

233 . بۆرە خوشنىسىنى يىمەس. (304 - بەت)

234 . بىتالەي قۇدۇققا كىرسە، شامال ئېلىپ چىقار. (312 - بەت)

235 . دوزاخنىڭ ئىشىكىنى پارا ئاچىدۇ. (322 - بەت)

236 . كۆندەشنىڭ كۆلىگىچە دۈشمەن. (326 - بەت)

237 . بۇغداينىڭ بانىسىدا قاردىمۇق سۇ ئىچىپتۇ. (330 - بەت)

238 . يوشۇرۇلغان نەرسە كېلىمىندە بولىدۇ. (333 - بەت)

239 . بىر تۈلكىنىڭ تېرىسى ئىككى قېتىم سويۇلماس. (336 - بەت)

240 . دالىدا بۆرى ھۇۋلىسا، ئۆيدە (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ) ئىتنىڭ باغرى تارتىشار. (350 - بەت)

241 . يىپىنچىلىق ھۆل بولماس، ئېغىز دۇرۇقلۇق چاپچىيالماس. (350 - بەت)

242 . ئادەمنىڭ قەدرى - قىممىتى تىرىكلىكتە. (352 - بەت)

243 . موماي ئۇسسۇل بىلمەس، يېرىم تار دەيدۇ. (354 - بەت)

244 . ئارسلان قېرىسا، چاشقاننىڭ ئۇۋىسىنى پايلاپتۇ (359 - بەت)

245 . تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىگىنىدىن قورقماس.
(385 - بەت)

246 . چاۋا ياغ سۇ يېغىنىڭ ئورنىنى باسالماس. (418 - بەت)

247 . ناباپ جايغا تۈگمەن قۇرسا، كۆتمىگەندە يار كېتەر. (485 - بەت)

248 . كەڭ تون ئۇپرىماس، كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس. (490 - بەت)

249 . قۇش تۇزاققا يەم ئۈچۈن ئىلىنەر. (490 - بەت)

250 . ئادەمگە مۈڭ تېگەر، تاغ سىڭىرىغا يەل تېگەر. (491 - بەت)

251 . بىر - بىرلەپ مىڭ بولار، تاما - تاما كۆل بولار. (492 - بەت)

252 . ئۆسكەك ئۆيگە تەگرى مۈڭگۈز بەرمەس. (498 - بەت)

253 . كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق. (500 - بەت)

254 . ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىرەر، نامى قالار. (502 - بەت)

255 . قالىلىق مال بەرسە قىز ئالار، كېرەك بولسا، قىممەتكە ئالار. (507 - بەت)

256 . كۆپ سۆيۈنۈپ كەتسە، قاتتىق ئۆكۈنەر. (510 - بەت)

257 . تۈيىن① تەگرىگە تېپىنغاق، لېكىن تەگرى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن مەمنۇن ئەمەس. (514 - بەت)

258 . ئازماس مەرگەن يامغۇر، يىڭىلمەس ئالىم ئەكس سادا. (518 - بەت)

259 . ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا پىشماس. (521 - بەت)

260 . ئاتىسى بىر، ئانىسى باشقا - باشقا بولغانلار ئارىلىرىدىكى ئاداۋەت تۇغ- پەيلىدىن بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ؛ ئانىسى بىر، ئاتىسى باشقا - باشقا بول- غانلار ئارىلىرىدىكى مېھرى - مۇھەببەت تۇغپەيلىدىن بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدۇ. (521 - بەت)

261 . يالغۇز غازنىڭ ئاۋازى چىقماس. (524 - بەت)

262 . قېرى ئۆكۈز پالتىدىن قورقماس. (574 - بەت)

263 . سۇنى كۆرمىگىچە ئۆتۈك سالما. (580 - بەت)

264 . يېقىلىسمۇ ياغ ياخشى، كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى. (591 - بەت)

## ئۈگۈت - نەسىھەتلەر

1 . ئۆچ - ئاداۋەت تەلەپ قىلىپ ئىلىنىدىغان قەرزگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كەچ؛ شۇنى بىلىپ، چەتتىن كېلىپ قالغانلارغا ۋە مۇساپىرلارغا قولۇڭدىن كېلىشچە ياخشىلىق قىل. (1 - توم، 61 - بەت)

2 . كۆركەم، چىرايلىق تونۇڭنى ئۆزەڭ كىي، تاتلىق ئېشىڭنى باشقىلارغا بەر، مېھمانىنى ئىززەتلە، شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن. (64 - بەت)

3 . ئوغۇل، مەندىن ئۈگۈت - نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ بىلىمىڭنى تارقات. (72 - بەت)

4 . ئورۇق - تۇغقان، قوشنا - قولۇملارغا ياخشىلىق قىل، ئۇلارنى ھۆرمەتلە؛ ئۇلاردىن سوۋغا ئالساڭ، تېخىمۇ قىممەتلىك سوۋغا تەييارلا. (155 - بەت)

5 . ئىلىم - ھېكمەت ئىستە، ئۈگىنىشتىن چېكىنمە، غادايما، بىرەر نەرسىنى

---

① تۈيىن — كۆپپارلارنىڭ دىنىي باشلىقلىرى.

ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا ھودۇقۇپ قالىدۇ.
(335 - بەت)

6. سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدىغان ئۇششاق مۇز دانىچىلىرىنى ئۇنچە-مەرۋايىت دەپ يۈرمە، سوۋغات قىلىنغان يىمەكنى ئىش ھەققى دەپ سانىما؛ تاپالمىغان نەرسىگە سۆيۈنۈپ يۈرمە، مۇنداق قىلىشنى دانىشمەنلەر ياقتۇرمايدۇ. (547 - بەت)

7. ئەي ئوغلۇم ئۆگۈت-نەسىھەتنى قوبۇل قىل، ئۆزۈڭدىن نىلادانلىقنى نېرى كەتكۈز؛ تالىقنى بولغان كىشى ئۇنىڭغا شىرنىسا قاتىدۇ، ئەقلى بولغان كىشى ئۆگۈت-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ. (574 - بەت)

8. ئاتا-ئاناڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا، (ئۇنى) قايتۇرما، دۇنيا ۋە بەخت تېپىپ قالساڭ، تەكەببۇرلىشىپ، قۇترىما. (660 - بەت)

9. دۈشمەن ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى مەنسىتمەسلىك لايىق ئەمەس، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئۇنى كۆزگە ئىلماي قويساڭ، ئۇ ئەلنى سەندىن تارتىۋالىدۇ.
(2 - توم، 39 - بەت)

10. يوشۇرۇن مۇھەببەت ئايرىلىش كۈنى ئاشكارا بولىدۇ... (243 - بەت)

11. كىم ئۆلۈمدىن قاچسا، ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. (490 - بەت)

12. بىر كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىل، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا مۇۋاپىقلاشقىن، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشما، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كۆرمە؛ ئۆيۈڭدىكى توخۇغا ئوبدان قارا، ئۇنى قاچۇرۇپ قويۇپ جاڭگالدىكى قىرغولنى ئىزدەپ يۈرمە. (3 - توم، 12 - بەت)

13. بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا، سەنمۇ ئوچۇقچىراي بىلەن باق، شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول، يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت. (58 - بەت)

14. تاپقۇش تاپنى كۆرگەن ھامان ئاسماندىن تۆۋەنگە قاراپ شۇڭغۇيدۇ، دانىشمەن كىشىنىڭ ئوۋلايدىغىنى ئۆگۈت-نەسىھەتتۇر، ئۇ ئۆگۈت نەسىھەتنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنى يادلايدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. (61 - بەت)

15. ئۆزۈڭنىڭ ئىغىر يۈكۈڭنى باشقىلارغا يۈدتۈرمە، باشقىلارنى تويدۇرىمەن دەپ، ئۆزۈڭنى كۆزۈڭ قاراڭغۇلاشقىدەك دەرىجىدە ئاچ قويما. (90 - بەت)

16. سېنى ياشانغان بىر كىشى چاقىرسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇر، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بار، قەھەتچىلىك يىللاردا ئېلىڭ نەگە بارسا، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بول. بۇ — ئېلىڭگە قايغۇلۇق كۈنلەر چۈشكەندە، ئۇلار بىلەن بىللە بول دېگەنلىكتۇر. (92 - بەت)

17. زامان ئوقىنى گەزلەپ ئاتسا، كىم قورغاننى قوغداپ قالالىسۇن، ئەگەر ئۇ تاغنى نىشانلاپ ئاتسا، تاغنىڭ ئۆزىمۇ، ۋادىلىرىمۇ پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ. (145 - بەت)

18. ئەتىيازنىڭ رەڭمۇ-رەڭ گۈزەللىكلىرىگە ئىشەنمە، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە؛ سۇغا تايانما، چۈنكى دۇنيا نېمەتلىرىنىڭ شېرىنلىكىگە، ئەتىيازنىڭ مەيىن شامالLIرىغا ئىشىنىش سۇغا تايانغانغا ئوخشاشتۇر، يامان ئىشلارغا تەييارلانما، تىلىڭدىن ھەر ۋاقىت خەلق سەندىن خۇشال بولىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى چىقارغىن. (221 - بەت)

19. ئەگەردە ساڭا قاتتىق كۈنلەر كەلسە، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر دەپ سەۋر قىلغىن؛ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇر، ھەربىر جاپا-مۇشەققەتكە ھەسرەت چېكىپ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما. (322 - بەت)

20. كىمنىڭ كۆڭلى ئەگەر كەمبەغەل بولسا، ئۇنى كۈچ بىلەن باي قىلىپ بولماس. (328 - بەت)

21. قولۇڭدىكى بار مېلىڭنى سۆيسەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇشقا ئالدىرىما، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەڭلەپ كەتمە؛ چۈنكى مال قولۇڭدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن؛ مال قولۇڭدىن كېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا قايغۇرما، ئازراق ئېچىنغىن، چۈنكى قايغۇ ھەسرەت مېلىڭنى ساق قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرەلمەيدۇ. (493 - بەت)

22. ئادەمنىڭ مال دۇنياسى ئۆزىگە دۈشمەندۇر، ئەقىللىق ئادەم ئۆز دۈشمىنىنى قانداقمۇ سۆيسۇن. (525 - بەت)

23. دۈشمەندىن قورقما، ئۇنىڭغا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تاقابىل تۇر؛ ئۇنىڭ باتۇرلىرىنى چۆرىۋەت، قەغەز پۈكلىگەندەك پۈكلەپ تاشلا. (574 - بەت)

24. ئوغلۇم، ساڭا ئەدەپ ئەخلاقنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن؛ ئىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان. (597 - بەت)

# ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرى

ئابلىمىت روزى

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىي ئەھۋالى، مەدەنىيىتى، دىنى ۋە پەلسەپە قاراشلىرى ھەققىدە تولۇقراق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا، ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ 24 تارىخىدىكى غەربىي يۇرتقا ئائىت ماتېرىياللارغا تايانغاندىن باشقا، غەربىي ئاسىيا ئەللىرى ۋە ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەنبەلىرى ۋە يېقىنقى زامان ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەرەب - پارس مەنبەلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە خېلى نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتلار زىكرى قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ھازىرغىچە غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى خېلى كۆپ مەملىكەتلەرنىڭ مۇزېي ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. بۇ ماتېرىياللار ئوتتۇرا ئەسىر تەرەققىياتىدا مەيدانغا كەلگەن دىن، پەلسەپە، تارىخ، لوگىكا، ئىقتىساد، تىجارەت ئىلمى ۋە تىبابەتچىلىككە ئائىت قىممەتلىك تۆھپىلەر قوشقان مەشھۇر ئالىملارنىڭ جاپالىق ئەمگەك نەتىجىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن يېتىشىپ چىققان مۇھەممەد مۇسا خارەزمى، ئەبۇ رەيھان بىرونى، ئىبنىسىنا، ئەبۇ نەسىر فارابى ۋە قەشقەر، بالاساغۇندىن يېتىشىپ چىققان مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار بىلەن زاماندىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۆتكەن نامايەندىلەردىن ئىبارەت. بۇ ئالىملارنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرى شىنجاڭدا تارقالغان، بەزىلىرى تارقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ناملىرى پېشقەدەم زىيالىيلارغا مەلۇم. كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۈچ نەپەر ئالىمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

**ئىبنى خەللىكان** ئەھمەد بىننى مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم شەمس ئەل — دىن ئەبۇل ئاببىاس ئەل — بەرمەكى ئەل ئىربىلى مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى بولۇپ، 1211 - (ھىجرى 608 -) يىلى ئىربىل شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ، بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئائىلىسىدە تەربىيە ئالغان. 1229 - يىلى 18 يېشىدا ئاۋۋال خەلەپ شەھىرىگە،

كېيىن شام (سۈرىيە) شەھەرلىرىدە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1238 - (ھىجرى 636 -)يىلى قاھىرەگە بېرىپ قازى قۇززات (باش قازى) يۈسۈپ بىننى ئەل ــ ھەسەن ئەل ــ سەنجارىنىڭ ئورنىغا قازىلىق قىلغان. 1261 ــ (659 -) يىلى شامغا قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە يىل قازى قۇززات بولغان. مىسىر، شام قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىسىلەردە، بولۇپمۇ قاھىرەدىكى «ئەل ــ پەخرىيە» ۋە «ئەل ــ ئەمىنىيە» قاتارلىق مەشھۇر مەدرىسىلەردە بىر مەزگىل دەرس ئۆتكەن، 1282 ــ (ھىجرى 681 -)يىلى 10 - ئايدا ۋاپات بولغان.

بەزى مەنبەلەردە «ئالىمنىڭ بىر قانچە ئەسەرلىرى بار»① دېيىلگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە ساقلانغىنى «ۋافايات ئەل ــ ئەئيان ۋە ئەنباھ ئەنباھ». بۇ ئەسەر، 1256 - يىلى (ھىجرىيە 654 - يىلى) قاھىرەدە باشلىنىپ (شامدىكى قازىلىق خىزمەتلىرىدە ئۈزۈلۈپ قىلىپ)، 1274 - يىلى (ھىجرىيە 672 - يىلى) تاماملانغان. ئاپتورنىڭ ئەسلى قوليازمىسى بىرىتانىيە پادىشاھلىق مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ كىتابنىڭ بەزى قىسىملىرى يوقالغان بولسىمۇ، ساقلىنىپ قالغان كۆپ قىسمى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ۋە زامانداش ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالى، ئەدەبىيات تارىخى ۋە باشقا جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم، قىممەتلىك ھۆججەت دەپ تونۇلغان. بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ كىتابتا شۇ دەۋردىكى 850 دىن ئارتۇق شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى خېلى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان②.

بۇ كىتاب 1275-، 1299-، 1310 - يىللىرى قاھىرەدىكى بۇلاق مەتبەسىدە بىر قانچە قېتىم نەشر قىلىنغاندىن باشقا، 1284 - يىلى تېھراندىمۇ چاپ باسما قىلىنغان. 1280 - يىلى ئىستانبۇلدا (تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ)، 1843-، 1871 - يىللىرى لوندوندا، 1838 ــ 1842 - يىللىرى پارىژدا نەشر قىلىنغان. مەيلى قايسى تىلدىكى، قايسى ۋاقىتتىكى نەشرلىرى بولسۇن، چوڭ تىپتىكى ئىككى توم ياكى ئۈچ توملۇق قىلىپ نەشر قىلىنغان. كېيىنكى يىللاردا ياۋروپادا خېلى كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا بىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەبۇ نەسىر فارابى، بىرونى، خارەزمى قاتارلىق ئالىملار ۋە بەزى يەر نامىلىرى ھەققىدە ئىشەنچلىك ماتېرىياللار زىكىر قىلىنغان.

**ئىبنى باججە** ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىننى يەھيا ( ?...ۋاپاتى 1138 - يىل) ئەرەب پەلسەپە تارىخىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك پەيلاسوپ ۋە ئىسلام ئالىمى بولۇپ، ئىسپانىيە (ئەندەلۇس)نىڭ سارا كوستا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئىسمىنى ياۋروپالىقلار ئىسپان ــ لاتىن تەلەپپۇزىغا يېقىنلاشتۇرۇپ «ئاۋىن پاچە» ياكى «ئاۋم پاجە»

① شەمشىددىن ساقى «قامۇسۇلئەلام» 1906 - يىل.

② شەمسىددىن ساقى «قامۇسۇلئەلام» 1906 - يىل.

دەپ ئاتىغان. ئىبنى باججە ئۆز يۇرتىدىكى ئەنئەنىۋى كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ «ئىبنى ئەل — سائىخ» (قۇيمىچىنىڭ ئوغلى) دېگەن لەقەم بىلەنمۇ مەشھۇر بولغان. ئىبنى خەللىقان «ۋافايات ئەل — ئەئيان ۋە ئەنبائ ئەنبائ» ناملىق كىتابىدا «باج» دېگەن بۇ ئىسىم ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ، پەرەڭچىدىكى «كۈمۈش، كۈممەك» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزدىن كەلگەن» دەيدۇ.

ئىبنى باججە ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا زېھنى ئۆتكۈر، ئەستىلىكى يۇقىرى، دەرسكە پىششىق بولۇپ، ئەرەب ئانا تىلىدىن باشقا لاتىن ۋە يۇنان تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ھاياتى ئاساسەن ئىسپانىيەنىڭ ساراكوستا، ئىشبىلىيە، گىرناتا ۋە فاس شەھەر-لىرىدە ئۆتكەن. ئۇ ياش چېغىدىلا، پەلسەپە — ھېكمەت، رىيازىيات (ماتېماتىكا)، تە-بىئەت، تىبابەت، تىل - لوگىكا قاتارلىق ئىلىم ساھەسىدە تونۇلۇپ، كۆزگە كۆرۈنگەن شاگىرتلاردىن بولغان. كېيىنچە ئۇنىڭ ھېكمەت ۋە پەلسەپە ساھەسىدىكى ئەسەرلىرى تېز ئارىدا تارقىلىپ، ئۇ ئىسلام دۇنياسىدا ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئالىملار قاتا-رىغا ئۆتكەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ، رەتلىگەن گىرناتالىق ئەبۇل ھەسەن ئەلى بىننى ئىمام ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمىغا يازغان كىرىش سۆزىدە: ئىسلام دۇنياسىدا فارابىدىن كېيىن ئىبنى باججەدىن يۇقىرىراق بۈيۈك پەيلا-سوپ مەيدانغا كەلمىگەن① دەپ بايان قىلغان. ئۇ، يەنە ئىبنى سىنا، ئىمام غەززالى قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇشتا خېلى كۆپ دەلىللەر كەلتۈرگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ئەبۇ ۋالىد ئىبنى رۇشدىمۇ ئۇنىڭ شاگىرتى ئىدى» دېيىلگەن. ئۇ، گىرناتا، ئىشبىلىيە قاتارلىق جايلاردا ئىلىم - پەن، پەلسەپە تەتقىقاتى ۋە دەرس ئۆتۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان. ئاز بىر مۇددەت ئىشبىلىيە شەھىرىنىڭ ۋالىيسى ئەبۇ بەكرى بىننى ئىبراھىم ئەل — شەھراۋىنىڭ ۋە كېيىنكى ۋالىيسى ئەبۇ بەكرى يەھيا بىننى تاپىشىنىڭ ۋەزىرى بولغان.

ئۇنىڭ پەلسەپە، تەبىئەت، ماتېماتىكا، تىبابەتتە قازانغان غايەت زور شۆھرىتى ۋە قابىلىيىتى زامانداشلىرىنىڭ ھەسەتخورلىقىنى قوزغاپ، بىر مۇنچە كېلىشمەسلىك ۋە ھاقارەتلەرگە سەۋەب بولغان.

ئىبنى باججەنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئارىستوتېل ۋە فارابىنىڭ پەلسەپەۋى قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى شەرھلەش، دۇنيانى بىلىش، تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەتنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن چۈشەندۈرۈش جەھەتلەردە زامانىنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ قاتتىق ئەيىپلىشىگە ئۇچرىغان. ئۇ 1138 - يىلى ئىسپانىيە فاستا ۋاپات بولغان. زامانداش بەزى پەيلاسوپلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە: ئۇ ۋاپات بولغاندا 35 ياشلاردا ئىدى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۆز دەۋرىدىكى ئىبنى زوھور ناملىق بىر پەيلا-

① شەمشىددىن ساقى «قامۇسولئەلام» 1906.

سوپىنىڭ ھەسەتخورلۇق قىلىپ زەھەر بەرگەنلىكىدىن بولدى دېگەندەك سۆزلەر تارقالغان بولسىمۇ، ئېنىق مەلۇمات يوق دېيىلىدۇ.

ئىبنى باججە ئەسەرلىرىنىڭ بەزىسى كىتاب ھالىتىدە ساقلانغان بولسىمۇ بەزىلىرى چېچىلاڭغۇ ھالىتىدە قالغان. ئۇنىڭ «شەرھى كىتاب ئەس ــ سامائ ئەل ــ تەبىئىي ئارىستوتالىس»، «قول ئەلا بەئزى كىتاب ئەسسكون ۋەھ ساد ئارىستوتالىس»، «رىسالە ئەلۋىداع» قاتارلىق 25 پارچىغا يېقىن ئەسىرى بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى جايلاردا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ خېلى كۆپ كىتابلىرى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن. ئۇنىڭ بىر يۈرۈش شېئىرى ئەسەرلىرىمۇ بولغان.

**ئەرەپ تارىخچىسى ئىبنۇل ـ ئەسىر** ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ئالىمى ۋە ئاپتورلىرىدىن ئەڭ مۇھىم ۋە مەشھۇرلىرىدىن قېرىنداش ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ كىشى «ئىبنى ئەل ـ ئەسىر» نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇلار شىمالىي ئافرىقىنىڭ جەزىرەت ئىبنى ئۆمەر شەھرىدە تۇغۇلغان.

ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: **مەجىدىددىن** ئەبۇل سائادەت ئەل ـ مۇبارەك بىننى مۇھەممەت بولۇپ، ئۈچ قېرىنداشنىڭ ئەڭ چوڭى، ئۇ، 1149 ـ (ھىجرى 544 ـ يىلى) يىلى تۇغۇلۇپ، 1210 ـ (ھىجرى 606 ـ يىلى) يىلى مەۋسىلدە ۋاپات بولغان. ئۇ، ياش چېغىدىلا قۇرئان ۋە ئەرەب تىلىنىڭ نەھۋ (گرامماتىكا) سى بىلەن ھەدىس بىلىمىنى ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگەنگەن. ئەرەب تىلىنىڭ نەھۋىسىنى مەۋسىلدا كېلىپ، شۇ زاماننىڭ مۆتىۋەر مۇدەررىسلىرىدىن بىرى بولغان ئىبنى ئەل ـ دەھ ھاندىن ئۆگەنگەن. ھەدىس بىلىمىنى بولسا، باغداتقا بېرىپ تەھسىل قىلغان. كېيىنرەك بۇ يەردە سەلچۇق خاندانى سەيفىددىن غازىنىڭ قول ئاستىدا ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ كېلىۋاتقان ئەمىر قايمازنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. سەيفىددىن غازىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بولغان مەسئۇد بىننى مەۋلۇد ۋە نۇرىددىن ئارسلانشاھ دەۋرىگە كەلگەندە ئوردىنىڭ دىۋان باش كاتىپى بولغان. ئىبنى خەللىكاننىڭ «ۋافايات...» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ ئالىم ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى بولمىسىمۇ خېلى كۆپ قىسمىنى كېسەل ھالىتىدە يازغان. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ماۋزۇسى ۋە ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالىم ئىبنى خەللىكان (1212 - 1282) قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋە ئۇلار ئۆز كىتابىدا خەۋەر بەرگەن.

**ئىززىددىن** ئەبۇل ـ ھەسەن ئەلى بىننى مۇھەممەت يەنى قېرىنداشلارنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇ، 1160 ـ (ھىجرىيە 555 ـ) يىلى جەزىرەت ئىبنى ئۆمەردە تۇغۇلۇپ، 1234 ـ (ھىجرىيە 630 ـ) يىلى مەۋسىلدە ۋاپات بولغان. ئۇ، خېلى كۆپ تارىخچىلار تىلغا ئالىدىغان «ئەل ـ كامىل فى ئەل ـ تارىخ» ناملىق مەشھۇر تارىخىي ئەسەرنىڭ ئاپتورى. ئىبنى ـ ئەل ـ ئەسىر پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئۆگىنىش، ئەسەر يېزىش بىلەنلا ئۆتكەزگەن.

مەۋسىلنىڭ ھاكىمى بەزى سىياسىي ئىشلار بىلەن باغداتتىكى مۇھىم ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن پۇرسەتتە ئۇ، باغداتتىكى نۇرغۇن ئالىملار بىلەن ئۇچراشقان. بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ئالىملار ئىبنى ئەل-ئەسىرنىڭ نۇتقىدىن رىۋايەت، نەقىللەر ئالىدىغان بولغان. ئىبنى خەللىكان كىتابىدا ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىدا ئىبنى ئەل-ئەسىر بىلەن خەلەپتە ئۇچراشقانلىقىنى، پات-پات ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان.

ئىبنى ئەل-ئەسىر «مەۋسىل ئاتابەكلىرىنىڭ تارىخى»، «ئۇسىد ئەل-غابەفى مەرىپەت ئەل-ساھابە» (بۇ، پۈتۈن ساھابىلەر ھەققىدە ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن تۈزۈلگەن لۇغەت بولۇپ، 1280-يىلى قاھىرەدە نەشىر قىلىنغان) قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇلاردىن ئەڭ چوڭى ۋە ئەڭ كۆپ تونۇلغىنى 12 جىلدلىق «كىتاب ئەل-كامىل» ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى يەتتە جىلدى ئەبۇ جەپەر مۇھەممەت ئەل-تەبەرىنىڭ «كىتاب ئەل-ئەخبار ئەل-رۇسۇل ۋەل-مۇلۇك» 先知与国王文史 ناملىق كىتابىدىكى ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ، كۆپ ئورۇنلىرىغا تۈزۈتۈش كىرگۈزۈش ئارقىلىق تولۇقلىغان. ئىبنى ئەل-ئەسىر كىتابىدىكى نەقىللەرنىڭ ساپلىقى، ۋەقە ۋە بايانىنىڭ راستچىللىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان، ھەتتا، بەزى مەسىلىلەردە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ بەزى توغرا بولمىغان نەقىل، بايانلىرىنى تەنقىد قىلغان. ئىززىددىن ئىبنى ئەل-ئەسىر ھەققىدە ئالىملار، ئۇ بىر ۋىجدان، جاسارەت ئىگىسى بولۇپ، پەقەت ئىلىم ئۈچۈن ياشىغان كىشى، دەپ تەرىپلەشكەن.

زىيائىددىن ئەبۇلفاتھە نەسرۇللا قېرىنداشلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، 1163-(ھىجرىيە 558-) يىلى جەزىرەت ئىبنى ئۆمەردە تۇغۇلۇپ 1239-(ھىجرىيە 637) يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان. ئۇ، ئاكىسىنىڭ ئەكسىچە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ھايات كەچۈرگەن. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 1282-يىلى قاھىرە بولاقتا نەشىر قىلىنغان ئىنشاغا دائىر «ئەل-مەسەل ئەل-سائىرفى ئەدەپ ئەل-كاتىب ۋەل-شائىر» ناملىق ئەسىرى ئىسلام دۇنياسىدا ناھايىتى مۆتىۋەر كىتاب ھېسابلانغان. ئۇنىڭ يەنە باشقا بىر مۇنچە ئەسەرلىرى ئىبنى خەللىكاننىڭ كىتابىدا زىكىر قىلىنغان. تارىخچىلارنىڭ پىكرىچە، ئۇنىڭ ھاياتى تارىخچى ئاكىسىنىڭ ھاياتىدىن باشقىچە بولۇپ، مۇرەككەپ ئىشلارغا دۇچ كەلگەن. ئۆز دەۋرىدىكى ئەل-قازى ئەل پازىلنىڭ تونۇشتۇرۇشى بويىچە، سالاھىددىن ئەييۇبىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن (1191-يىلى، ھىجرىيە 587-يىلى). ئاز مۇددەتتىن كېيىن سالاھىددىننىڭ ئوغلى ئەل-مەلىك ئەل-ئەفزەلنىڭ ۋەزىرى بولغان. شام شەھىرى ئەل-ئەفزەلنىڭ قولىدىن كەتكەندىن كېيىن، قاچ-قاچ ۋاقتىدا قۇلۇپ سېلىنغان ساندۇق ئىچىدە كارۋان تۆگىسىگە ئارتىلىپ مىسىرگە قاچقان. ئەل-ئەفزەل يەنە شامنى دۈشمەنلىرىدىن قايتۇرۇۋېلىپ قايتىدىن تەختىدە ئولتۇرغاندا، شامغا قايتىپ كەلگەن. ئاز مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن 1210-(ھىجرىيە 607-)يىلى خەلەپ ھاكىمىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. بۇ يەردىمۇ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، باغداتقا

سایاھەتكە كېتىۋېتىپ يولدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئاپتورلۇق بىلەن خەلق ئارىسىدا تونۇلغان شەرەفىددىن مۇھەممەت دېگەن بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇ 1225 - (ھىجرىيە 622 -) يىلى ۋاپات بولغان.

يۇقىرىدىكى مەشھۇر ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭدا ئاز دېگەندە XIII ئەسىردىن كېيىن تارقالغان دېيىش مۇمكىن، ئېنسىكلوپېدىست جامال قارشى (XIII ئەسىر) قەشقەردىكى «سماچىيە» مەدرىسىدە ئەرەب، پارس، تۈركىي ئاپتورلارنىڭ قىممەتلىك كىتابلىرىنى كۆرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. تارىخچى مىرزا ھەيدەر «تارىخ رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش جەريانىدىمۇ كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. 1735 - يىللىرى تەرجىمان مۇھەممەت تۆمۈر ئاقسۇيى، 1810 - يىللىرى تارىخچى مۇھەممەت سادىق كاشغەرى ئەبۇ جەئپەر مەھەممەت ئەل - تەبەرىنىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مەھەممەت سادىق كاشغەرى «تەزكىرەئى ئەزان» دا 1740 - يىللىرى يەكەن خانلىقىنىڭ ئىسھاقىيە خوجىلىرىدىن بولغان ھۆكۈمرانى خوجا ياقۇپ (جوجاجاھان) ئوردا خىراجىتى بىلەن «تارىخ ئەل - ئىسلام»، «فىقھە» (شەرىئەت - قانۇنچىلىقى)، «ھەدىس» (پەيغەمبەر سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە)، «قۇرئان تەپسىرى» قاتارلىق مۇھىم كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرغان مەرىپەتپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. 1933 - يىلى شىڭشىسەي ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغىچە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، دىنىي ئۆلىمالار، بىر قىسىم ھىندىستان (دېھلى)، بۇخارا، مىسىر قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغان زىيالىيلارنىڭ ئائىلىلىرىدە ئەرەب، پارس، ھىند، تۈرك تىللىرىدىكى زور تۈركۈم خىلمۇ - خىل مەزمۇندىكى كىتابلار بولۇپ، 1937 - يىلى 5 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاتلىق 6 - مىللىي دىۋىزىيە قوشۇنلىرىنىڭ شىڭشىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن تۇتقۇن قىلىنغان زىيالىيلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ كىتابلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ياكى تارتىۋېلىنغان. بۇ ئىشنىڭ گۇۋاھچىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 80 - يىللاردىكى پېشقەدەم زىيالىيلىرىدۇر. 1948 - 1949 - يىللىرى قەشقەر شەھىرىدىلا بىر قانچە كىتاب پۇرۇشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ «تارىخ ئەل - كامىل»، رەشىدىددىننىڭ «جامىئۇت - تەۋارىخ» ناملىق كىتابلىرى ساقلانغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى ۋە بەزى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بىر قىسىم ئەرەب، پارس ئاپتورلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەسەرلىرى ساقلانماقتا.

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە ئاي تەرتىپى / ئايرىمىسى / مىلادىيە يىل تەرتىپى / ھىجرىيە يىل تەرتىپى | 1111<br>1699 — 1700 | | | 1112<br>1700 — 1701 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 29 | 6 | 2 | 17 | 6 | 6 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 29 | 7 | 4 | 18 | 7 | 1 | كۈن ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىپى

| | |
|---|---|
| Əlmuḩərrəm | 1 . ئەلمۇھەررەم |
| Səpər | 2 . سەپەر |
| Rəbiul əwwəl | 3 . رەبىئۇل ئەۋۋەل |
| Rəbius sani | 4 . رەبىئۇسسانى |
| Jamadiyəl əwwəl | 5 . جامادىيەل ئەۋۋەل |
| Jamadiyəl ahir | 6 . جامادىيەل ئاخىر |
| Rəjəp | 7 . رەجەپ |
| Xə·ban | 8 . شەئبان |
| Ramazan | 9 . رامازان |
| Xəwwal | 10 . شەۋۋال |
| Zulķə'də | 11 . زۇلقەئىدە |
| Zulḩijjə | 12 . زۇلھىججە |

| 223 | 1111<br>1699 - 1700 | 1112<br>1700 - 1701 | 1113<br>1701 - 1702 | 1114<br>1702 - 1703 | 1115<br>1703 - 1704 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 29·6·2 | 18·6·6 | 8·6·4 | 28·5·1 | 17·5·5 |
| 2 | 29·7·4 | 18·7·1 | 8·7·6 | 27·6·3 | 16·6·7 |
| 3 | 27·8·5 | 16·8·2 | 6·8·7 | 26·7·4 | 15·7·1 |
| 4 | 26·9·7 | 15·9·4 | 5·9·2 | 25·8·6 | 14·8·3 |
| 5 | 25·10·1 | 14·10·5 | 4·10·3 | 23·9·7 | 12·9·4 |
| 6 | 24·11·3 | 13·11·7 | 3·11·5 | 23·10·2 | 12·10·6 |
| 7 | 23·12·4 | 12·12·1 | 2·12·6 | 21·11·3 | 10·11·7 |
| 8 | 22·1·6 | 11·1·3 | 1·1·1 | 21·12·5 | 10·12·2 |
| 9 | 20·2·7 | 9·2·4 | 30·1·2 | 19·1·6 | 8·1·3 |
| 10 | 22·3·2 | 11·3·6 | 1·3·4 | 18·2·1 | 7·2·5 |
| 11 | 20·4·3 | 9·4·7 | 30·3·5 | 19·3·2 | 7·3·6 |
| 12 | 20·5·5 | 9·5·2<br>* | 29·4·7 | 18·4·4 | 6·4·1<br>* |

| 224 | 1116<br>1704 - 1705 | 1117<br>1705 - 1706 | 1118<br>1706 - 1707 | 1119<br>1707 - 1708 | 1120<br>1708 - 1709 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6·5·3 | 25·4·7 | 15·4·5 | 4·4·2 | 23·3·6 |
| 2 | 5·6·5 | 25·5·2 | 15·5·7 | 4·5·4 | 22·4·1 |
| 3 | 4·7·6 | 23·6·3 | 13·6·1 | 2·6·5 | 21·5·2 |
| 4 | 3·8·1 | 23·7·5 | 13·7·3 | 2·7·7 | 20·6·4 |
| 5 | 1·9·2 | 21·8·6 | 11·8·4 | 31·7·1 | 19·7·5 |
| 6 | 1·10·4 | 20·9·1 | 10·9·6 | 30·8·3 | 18·8·7 |
| 7 | 30·10·5 | 19·10·2 | 9·10·7 | 28·9·4 | 16·9·1 |
| 8 | 29·11·7 | 18·11·4 | 8·11.2 | 28·10·6 | 16·10·3 |
| 9 | 28·12·1 | 17·12·5 | 7·12·3 | 26·11·7 | 14·11·4 |
| 10 | 27·1·3 | 16·1·7 | 6·1·5 | 26·12·2 | 14·12·6 |
| 11 | 25·2·4 | 14·2·1 | 4·2·6 | 24·1·3 | 12·1·7 |
| 12 | 27·3·6 | 16·3·3<br>* | 6·3·1 | 23·2·5 | 11·2·2<br>* |

| 225 | 1121<br>1709 - 1710 | 1122<br>1710 - 1711 | 1123<br>1711 - 1712 | 1124<br>1712 | 1125<br>1713 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 13.3.4 | 2.3.1 | 19.2.5 | 9.2.3 | 28.1.7 |
| 2 | 12.4.6 | 1.4.3 | 21.3.7 | 10.3.5 | 27.2.2 |
| 3 | 11.5.7 | 30.4.4 | 19.4.1 | 8.4.6 | 28.3.3 |
| 4 | 10.6.2 | 30.5.6 | 19.5.3 | 8.5.1 | 27.4.5 |
| 5 | 9.7.3 | 28.6.7 | 17.6.4 | 6.6.2 | 26.5.6 |
| 6 | 8.8.5 | 28.7.2 | 17.7.6 | 6.7.4 | 25.6.1 |
| 7 | 6.9.6 | 26.8.3 | 15.8.7 | 4.8.5 | 24.7.2 |
| 8 | 6.10.1 | 25.9.5 | 14.9.2 | 3.9.7 | 23.8.4 |
| 9 | 4.11.2 | 24.10.6 | 13.10.3 | 2.10.1 | 21.9.5 |
| 10 | 4.12.4 | 23.11.1 | 12.11.5 | 1.11.3 | 21.10.7 |
| 11 | 2.1.5 | 22.12.2 | 11.12.6 | 30.11.4 | 19.11.1 |
| 12 | 1.2.7 | 21.1.4 | 10.1.1 | 30.12.6 | 19.12.3 |

| 226 | 1126<br>1714 | 1127<br>1715 | 1128<br>1715 - 1716 | 1129<br>1716 - 1717 | 1130<br>1717 - 1718 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 17.1.4 | 7.1.2 | 27.12.6 | 16.12.4 | 5.12.1 |
| 2 | 16.2.6 | 6.2.4 | 26.1.1 | 15.1.6 | 4.1.3 |
| 3 | 17.3.7 | 7.3.5 | 24.2.2 | 13.2.7 | 2.2.4 |
| 4 | 16.4.2 | 6.4.7 | 25.3.4 | 15.3.2 | 4.3.6 |
| 5 | 15.5.3 | 5.5.1 | 23.4.5 | 13.4.3 | 2.4.7 |
| 6 | 14.6.5 | 4.6.3 | 23.5.7 | 13.5.5 | 2.5.2 |
| 7 | 13.7.6 | 3.7.4 | 21.6.1 | 11.6.6 | 31.5.3 |
| 8 | 12.8.1 | 2.8.6 | 21.7.3 | 11.7.1 | 30.6.5 |
| 9 | 10.9.2 | 31.8.7 | 19.8.4 | 9.8.2 | 29.7.6 |
| 10 | 10.10.4 | 30.9.2 | 18.9.6 | 8.9.4 | 28.8.1 |
| 11 | 8.11.5 | 29.10.3 | 17.10.7 | 7.10.5 | 26.9.2 |
| 12 | 8.12.7<br>* | 28.11.5 | 16.11.2<br>* | 6.11.7 | 26.10.4 |

| 227 | 1131<br>1718-1719 | 1132<br>1719-1720 | 1133<br>1720-1721 | 1134<br>1721-1722 | 1135<br>1722-1723 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 24·11·5 | 14·11·3 | 2·11·7 | 22·10·4 | 12·10·2 |
| 2 | 24·12·7 | 14·12·5 | 2·12·2 | 21·11·6 | 11·11·4 |
| 3 | 22·1·1 | 12·1·6 | 31·12·3 | 20·12·7 | 10·12·5 |
| 4 | 21·2·3 | 11·2·1 | 30·1·5 | 19·1·2 | 9·1·7 |
| 5 | 22·3·4 | 11·3·2 | 28·2·6 | 17·2·3 | 7·2·1 |
| 6 | 21·4·6 | 10·4·4 | 30·3·1 | 19·3·5 | 9·3·3 |
| 7 | 20·5·7 | 9·5·5 | 28·4·2 | 17·4·6 | 7·4·4 |
| 8 | 19·6·2 | 8·6·7 | 28·5·4 | 17·5·1 | 7·5·6 |
| 9 | 18·7·3 | 7·7·1 | 26·6·5 | 15·6·2 | 5·6·7 |
| 10 | 17·8·5 | 6·8·3 | 26·7·7 | 15·7·4 | 5·7·2 |
| 11 | 16·9·6 | 4·9·4 | 24·8·1 | 13·8·5 | 3·8·3 |
| 12 | 15·10·1<br>* | 4·10·6 | 23·9·3 | 12·9·7<br>* | 2·9·5 |

| 228 | 1136<br>1723-1724 | 1137<br>1724-1725 | 1138<br>1725-1726 | 1139<br>1726-1727 | 1140<br>1727-1728 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1·10·6 | 20·9·4 | 9·9·1 | 29·8·5 | 19·8·3 |
| 2 | 31·10·1 | 20·10·6 | 9·10·3 | 28·9·7 | 18·9·5 |
| 3 | 29·11·2 | 18·11·7 | 7·11·4 | 27·10·1 | 17·10·6 |
| 4 | 29·12·4 | 18·12·2 | 7·12·6 | 26·11·3 | 16·11·1 |
| 5 | 27·1·5 | 16·1·3 | 5·1·7 | 25·12·4 | 15·12·2 |
| 6 | 26·2·7 | 15·2·5 | 4·2·2 | 24·1·6 | 14·1·4 |
| 7 | 26·3·1 | 16·3·6 | 5·3·3 | 22·2·7 | 12·2·5 |
| 8 | 25·4·3 | 15·4·1 | 4·4·5 | 24·3·2 | 13·3·7 |
| 9 | 24·5·4 | 14·5·2 | 3·5·6 | 22·4·3 | 11·4·1 |
| 10 | 23·6·6 | 13·6·4 | 2·6·1 | 22·5·5 | 11·5·3 |
| 11 | 22·7·7 | 12·7·5 | 1·7·2 | 20·6·6 | 9·6·4 |
| 12 | 21·8·2<br>* | 11·8·7 | 31·7·4 | 20·7·1<br>* | 9·7·6<br>* |

| 229 | 1141<br>1728-1729 | 1142<br>1729-1730 | 1143<br>1730-1731 | 1144<br>1731-1732 | 1145<br>1732-1733 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 7·8·7 | 27·7·4 | 17·7·2 | 6·7·6 | 24·6·3 |
| 2 | 6·9·2 | 26·8·6 | 16·8·4 | 5·8·1 | 24·7·5 |
| 3 | 5·10·3 | 24·9·7 | 14·9·5 | 3·9·2 | 22·8·6 |
| 4 | 4·11·5 | 24·10·2 | 14·10·7 | 3·10·4 | 21·9·1 |
| 5 | 3·12·6 | 22·11·3 | 12·11·1 | 1·11·5 | 20·10·2 |
| 6 | 2·1·1 | 22·12·5 | 12·12·3 | 1·12·7 | 19·11·4 |
| 7 | 31·1·2 | 20·1·6 | 10·1·4 | 30·12·1 | 18·12·5 |
| 8 | 2·3·4 | 19·2·1 | 9·2·6 | 29·1·3 | 17·1·7 |
| 9 | 31·3·5 | 20·3·2 | 10·3·7 | 27·2·4 | 15·2·1 |
| 10 | 30·4·7 | 19·4·4 | 9·4·2 | 28·3·6 | 17·3·3 |
| 11 | 29·5·1 | 18·5·5 | 8·5·3 | 26·4·7 | 15·4·4 |
| 12 | 28·6·3 | 17·6·7<br>* | 7·6·5 | 26·5·2 | 15·5·6<br>* |

| 230 | 1146<br>1733-1734 | 1147<br>1734-1735 | 1148<br>1735-1736 | 1149<br>1736-1737 | 1150<br>1737-1738 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 14·6·1 | 3·6·5 | 24·5·3 | 12·5·7 | 1·5·4 |
| 2 | 14·7·3 | 3·7·7 | 23·6·5 | 11·6·2 | 31·5·6 |
| 3 | 12·8·4 | 1·8·1 | 22·7·6 | 10·7·3 | 29·6·7 |
| 4 | 11·9·6 | 31·8·3 | 21·8·1 | 9·8·5 | 29·7·2 |
| 5 | 10·10·7 | 29·9·4 | 19·9·2 | 7·9·6 | 27·8·3 |
| 6 | 9·11·2 | 29·10·6 | 19·10·4 | 7·10·1 | 26·9·5 |
| 7 | 8·12·3 | 27·11·7 | 17·11·5 | 5·11·2 | 25·10·6 |
| 8 | 7·1·5 | 27·12·2 | 17·12·7 | 5·12·4 | 24·11·1 |
| 9 | 5·2·6 | 25·1·3 | 15·1·1 | 3·1·5 | 23·12·2 |
| 10 | 7·3·1 | 24·2·5 | 14·2·3 | 2·2·7 | 22·1·4 |
| 11 | 5·4·2 | 25·3·6 | 14·3·4 | 3·3·1 | 20·2·5 |
| 12 | 5·5·4 | 24·4·1<br>* | 13·4·6 | 2·4·3 | 22·3·7<br>* |

| 231 | 1151<br>1738-1739 | 1152<br>1739-1740 | 1153<br>1740-1741 | 1154<br>1741-1742 | 1155<br>1742-1743 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21·4·2 | 10·4·6 | 29·3·3 | 19·3·1 | 8·3·5 |
| 2 | 21·5·4 | 10·5·1 | 28·4·5 | 18·4·3 | 7·4·7 |
| 3 | 19·6·5 | 8·6·2 | 27·5·6 | 17·5·4 | 6·5·1 |
| 4 | 19·7·7 | 8·7·4 | 26·6·1 | 16·6·6 | 5·6·3 |
| 5 | 17·8·1 | 6·8·5 | 25·7·2 | 15·7·7 | 4·7·4 |
| 6 | 16·9·3 | 5·9·7 | 24·8·4 | 14·8·2 | 3·8·6 |
| 7 | 15·10·4 | 4·10·1 | 22·9·5 | 12·9·3 | 1·9·7 |
| 8 | 14·11·6 | 3·11·3 | 22·10·7 | 12·10·5 | 1·10·2 |
| 9 | 13·12·7 | 2·12·4 | 20·11·1 | 10·11·6 | 30·10·3 |
| 10 | 12·1·2 | 1·1·6 | 20·12·3 | 10·12·1 | 29·11·5 |
| 11 | 10·2·3 | 30·1·7 | 18·1·4 | 8·1·2 | 28·12·6 |
| 12 | 12·3·5 | 29·2·2 | 17·2·6 | 7·2·4 | 27·1·1 |

| 232 | 1156<br>1743-1744 | 1157<br>1744-1745 | 1158<br>1745 | 1159<br>1746 | 1160<br>1747 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 25·2·2 | 15·2·7 | 3·2·4 | 24·1·2 | 13·1·6 |
| 2 | 27·3·4 | 16·3·2 | 5·3·6 | 23·2·4 | 12·2·1 |
| 3 | 25·4·5 | 14·4·3 | 3·4·7 | 24·3·5 | 13·3·2 |
| 4 | 25·5·7 | 14·5·5 | 3·5·2 | 23·4·7 | 12·4·4 |
| 5 | 23·6·1 | 12·6·6 | 1·6·3 | 22·5·1 | 11·5·5 |
| 6 | 23·7·3 | 12·7·1 | 1·7·5 | 21·6·3 | 10·6·7 |
| 7 | 21·8·4 | 10·8·2 | 30·7·6 | 20·7·4 | 9·7·1 |
| 8 | 20·9·6 | 9·9·4 | 29·8·1 | 19·8·6 | 8·8·3 |
| 9 | 19·10·7 | 8·10·5 | 27·9·2 | 17·9·7 | 6·9·4 |
| 10 | 18·11·2 | 7·11·7 | 27·10·4 | 17·10·2 | 6·10·6 |
| 11 | 17·12·3 | 6·12·1 | 25·11·5 | 15·11·3 | 4·11·7 |
| 12 | 16·1·5 | 5·1·3 | 25·12·7 | 15·12·5 | 4·12·2 |

| 233 | 1161<br>1748 | 1162<br>1748-1749 | 1163<br>1749-1750 | 1164<br>1750-1751 | 1165<br>1751-1752 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2·1·3 | 22·12·1 | 11·12·5 | 30·12·2 | 20·11·7 |
| 2 | 1·2·5 | 21·1·3 | 10·1·7 | 30·12·4 | 20·12·2 |
| 3 | 1·3·6 | 19·2·4 | 8·2·1 | 28·1·5 | 18·1·3 |
| 4 | 31·3·1 | 21·3·6 | 10·3·3 | 27·2·7 | 17·2·5 |
| 5 | 29·4·2 | 19·4·7 | 8·4·4 | 28·3·1 | 17·3·6 |
| 6 | 29·5·4 | 19·5·2 | 8·5·6 | 27·4·3 | 16·4·1 |
| 7 | 27·6·5 | 17·6·3 | 6·6·7 | 26·5·4 | 15·5·2 |
| 8 | 27·7·7 | 17·7·5 | 6·7·2 | 25·6·6 | 14·6·4 |
| 9 | 25·8·1 | 15·8·6 | 4·8·3 | 24·7·7 | 13·7·5 |
| 10 | 24·9·3 | 14·9·1 | 3·9·5 | 23·8·2 | 12·8·7 |
| 11 | 23·10·4 | 13·10·2 | 2·10·6 | 21·9·3 | 10·9·1 |
| 12 | 22·11·6 | 12·11·4 | 1·11·1 | 21·10·5 | 10·10·3 |

| 234 | 1166<br>1752-1753 | 1167<br>1753-1754 | 1168<br>1754-1755 | 1169<br>1755-1756 | 1170<br>1756-1757 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 8·11·4 | 29·10·2 | 18·10·6 | 7·10·3 | 26·9·1 |
| 2 | 8·12·6 | 28·11·4 | 17·11·1 | 6·11·5 | 26·10·3 |
| 3 | 6·1·7 | 27·12·5 | 16·12·2 | 5·12·6 | 24·11·4 |
| 4 | 5·2·2 | 26·1·7 | 15·1·4 | 4·1·1 | 24·12·6 |
| 5 | 6·3·3 | 24·2·1 | 13·2·5 | 2·2·2 | 22·1·7 |
| 6 | 5·4·5 | 26·3·3 | 15·3·7 | 3·3·4 | 21·2·2 |
| 7 | 4·5·6 | 24·4·4 | 13·4·1 | 1·4·5 | 22·3·3 |
| 8 | 3·6·1 | 24·5·6 | 13·5·3 | 1·5·7 | 21·4·5 |
| 9 | 2·7·2 | 22·6·7 | 11·6·4 | 30·5·1 | 20·5·6 |
| 10 | 1·8·4 | 22·7·2 | 11·7·6 | 29·6·3 | 19·6·1 |
| 11 | 30·8·5 | 20·8·3 | 9·8·7 | 28·7·4 | 18·7·2 |
| 12 | 29·9·7 | 19·9·5 | 8·9·2 | 27·8·6 | 17·8·4 |

| 235 | 1171<br>1757 - 1758 | 1172<br>1758 - 1759 | 1173<br>1759 - 1760 | 1174<br>1760 - 1761 | 1175<br>1761 - 1762 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 15.9.5 | 4.9.2 | 25.8.7 | 13.8.4 | 2.8.1 |
| 2 | 15.10.7 | 4.10.4 | 24.9.2 | 12.9.6 | 1.9.3 |
| 3 | 13.11.1 | 2.11.5 | 23.10.3 | 11.10.7 | 30.9.4 |
| 4 | 13.12.3 | 2.12.7 | 22.11.5 | 10.11.2 | 30.10.6 |
| 5 | 11.1.4 | 31.12.1 | 21.12.6 | 9.12.3 | 28.11.7 |
| 6 | 10.2.6 | 30.1.3 | 20.1.1 | 8.1.5 | 28.12.2 |
| 7 | 11.3.7 | 28.2.4 | 18.2.2 | 6.2.6 | 26.1.3 |
| 8 | 10.4.2 | 30.3.6 | 19.3.4 | 8.3.1 | 25.2.5 |
| 9 | 9.5.3 | 28.4.7 | 17.4.5 | 6.4.2 | 26.3.6 |
| 10 | 8.6.5 | 28.5.2 | 17.5.7 | 6.5.4 | 25.4.1 |
| 11 | 7.7.6 | 26.6.3 | 15.6.1 | 4.6.5 | 24.5.2 |
| 12 | 6.8.1 | 26.7.5 | 15.7.3 | 4.7.7 | 23.6.4 |
| | * | | | | * |

| 236 | 1176<br>1762 - 1763 | 1177<br>1763 - 1764 | 1178<br>1764 - 1765 | 1179<br>1765 - 1766 | 1180<br>1766 - 1767 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 23.7.6 | 12.7.3 | 1.7.1 | 20.6.5 | 9.6.2 |
| 2 | 22.8.1 | 11.8.5 | 31.7.3 | 20.7.7 | 9.7.4 |
| 3 | 20.9.2 | 9.9.6 | 29.8.4 | 18.8.1 | 7.8.5 |
| 4 | 20.10.4 | 9.10.1 | 28.9.6 | 17.9.3 | 6.9.7 |
| 5 | 18.11.5 | 7.11.2 | 27.10.7 | 16.10.4 | 5.10.1 |
| 6 | 18.12.7 | 7.12.4 | 26.11.2 | 15.11.6 | 4.11.3 |
| 7 | 16.1.1 | 5.1.5 | 25.12.3 | 14.12.7 | 3.12.4 |
| 8 | 15.2.3 | 4.2.7 | 24.1.5 | 13.1.2 | 2.1.6 |
| 9 | 16.3.4 | 4.3.1 | 22.2.6 | 11.2.3 | 31.1.7 |
| 10 | 15.4.6 | 3.4.3 | 24.3.1 | 13.3.5 | 2.3.2 |
| 11 | 14.5.7 | 2.5.4 | 22.4.2 | 11.4.6 | 31.3.3 |
| 12 | 13.6.2 | 1.6.6 | 22.5.4 | 11.5.1 | 30.4.5 |
| | | * | | | * |

| 237 | 1181<br>1767 - 1768 | 1182<br>1768 - 1769 | 1183<br>1769 - 1770 | 1184<br>1770- 1771 | 1185<br>1771 - 1772 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 30.5.7 | 18.5.4 | 7.5.1 | 27.4.6 | 16.4.3 |
| 2 | 29.6.2 | 17.6.6 | 6.6.3 | 27.5.1 | 16.5.5 |
| 3 | 28.7.3 | 16.7.7 | 5.7.4 | 25.6.2 | 14.6.6 |
| 4 | 27.8.5 | 15.8.2 | 4.8.6 | 25.7.4 | 14.7.1 |
| 5 | 25.9.6 | 13.9.3 | 2.9.7 | 23.8.5 | 12.8.2 |
| 6 | 25.10.1 | 13.10.5 | 2.10.2 | 22.9.7 | 11.9.4 |
| 7 | 23.11.2 | 11.11.6 | 31.10.3 | 21.10.1 | 10.10.5 |
| 8 | 23.12.4 | 11.12.1 | 30.11.5 | 20.11.3 | 9.11.7 |
| 9 | 21.1.5 | 9.1.2 | 29.12.6 | 19.12.4 | 8.12.1 |
| 10 | 20.2.7 | 8.2.4 | 28.1.1 | 18.1.6 | 7.1.3 |
| 11 | 20.3.1 | 9.3.5 | 26.2.2 | 16.2.7 | 5.2.4 |
| 12 | 19.4.3 | 8.4.7 | 28.3.4 | 18.3.2 | 6.3.6 |
| | | | * | | |

| 238 | 1186<br>1772 - 1773 | 1187<br>1773 - 1774 | 1188<br>1774 - 1775 | 1189<br>1775 - 1776 | 1190<br>1776 - 1777 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4.4.7 | 25.3.5 | 14.3.2 | 4.3.7 | 21.2.4 |
| 2 | 4.5.2 | 24.4.7 | 13.4.4 | 3.4.2 | 22.3.6 |
| 3 | 2.6.3 | 23.5.1 | 12.5.5 | 2.5.3 | 20.4.7 |
| 4 | 2.7.5 | 22.6.3 | 11.6.7 | 1.6.5 | 20.5.2 |
| 5 | 31.7.6 | 21.7.4 | 10.7.1 | 30.6.6 | 18.6.3 |
| 6 | 30.8.1 | 20.8.6 | 9.8.3 | 30.7.1 | 18.7.5 |
| 7 | 28.9.2 | 18.9.7 | 7.9.4 | 28.8.2 | 16.8.6 |
| 8 | 28.10.4 | 18.10.2 | 7.10.6 | 27.9.4 | 15.9.1 |
| 9 | 26.11.5 | 16.11.3 | 5.11.7 | 26.10.5 | 14.10.2 |
| 10 | 26.12.7 | 16.12.5 | 5.12.2 | 25.11.7 | 13.11.4 |
| 11 | 24.1.1 | 14.1.6 | 3.1.3 | 24.12.1 | 12.12.5 |
| 12 | 23.2.3 | 13.2.1 | 2.2.5 | 23.1.3 | 11.1.7 |
| | * | | * | | |

| 239 | 1191<br>1777 | 1192<br>1778 | 1193<br>1779 | 1194<br>1780 | 1195<br>1780 - 1781 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 9·2·1 | 30·1·6 | 19·1·3 | 8·1·7 | 28·12·5 |
| 2 | 11·3·3 | 1·3·1 | 18·2·5 | 7·2·2 | 27·1·7 |
| 3 | 9·4·4 | 30·3·2 | 19·3·6 | 7·3·3 | 25·2·1 |
| 4 | 9·5·6 | 29·4·4 | 18·4·1 | 6·4·5 | 27·3·3 |
| 5 | 7·6·7 | 28·5·5 | 17·5·2 | 5·5·6 | 25·4·4 |
| 6 | 7·7·2 | 27·6·7 | 16·6·4 | 4·6·1 | 25·5·6 |
| 7 | 5·8·3 | 26·7·1 | 15·7·5 | 3·7·2 | 23·6·7 |
| 8 | 4·9·5 | 25·8·3 | 14·8·7 | 2·8·4 | 23·7·2 |
| 9 | 3·10·6 | 23·9·4 | 12·9·1 | 31·8·5 | 21·8·3 |
| 10 | 2·11·1 | 23·10·6 | 12·10·3 | 30·9·7 | 20·9·5 |
| 11 | 1·12·2 | 21·11·7 | 10·11·4 | 29·10·1 | 19·10·6 |
| 12 | 31·12·4<br>* | 21·12·2 | 10·12·6 | 28·11·3<br>* | 18·11·1 |

| 240 | 1196<br>1781 - 1782 | 1197<br>1782 - 1783 | 1198<br>1783 - 1784 | 1199<br>1784 - 1785 | 1200<br>1785 - 1786 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 17·12·2 | 7·12·7 | 26·11·4 | 14·11·1 | 4·11·6 |
| 2 | 16·1·4 | 6·1·2 | 26·12·6 | 14·12·3 | 4·12·1 |
| 3 | 14·2·5 | 4·2·3 | 24·1·7 | 12·1·4 | 2·1·2 |
| 4 | 16·3·7 | 6·3·5 | 23·2·2 | 11·2·6 | 1·2·4 |
| 5 | 14·4·1 | 4·4·6 | 23·3·3 | 12·3·7 | 2·3·5 |
| 6 | 14·5·3 | 4·5·1 | 22·4·5 | 11·4·2 | 1·4·7 |
| 7 | 12·6·4 | 2·6·2 | 21·5·6 | 10·5·3 | 30·4·1 |
| 8 | 12·7·6 | 2·7·4 | 20·6·1 | 9·6·5 | 30·5·3 |
| 9 | 10·8·7 | 31 ·7·5 | 19·7·2 | 8·7·6 | 28·6·4 |
| 10 | 9·9·2 | 30·8·7 | 18·8·4 | 7·8·1 | 28·7·6 |
| 11 | 8·10·3 | 28·9·1 | 17·9·5 | 6·9·2 | 26·8·7 |
| 12 | 7·11·5<br>* | 28·10·3 | 16·10·7 | 5·10·4<br>* | 25·9·2 |

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 1987 - يىلدىكى ھەرقايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مۇندەرىجىسى


ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى ئۆگىنەيلى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرايلى ..........
.......................... ئىمام ھەسەن (1 - سان، 14 - بەت)
سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇنا-
سىۋىتى توغرىسىدا .............. مۇھەممەت تۇرداجى (1 - سان، 121 - بەت)
تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى
ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئاساسى ...... ليۇگۇەنجاڭ (4 - سان، 1- بەت)
ماركسىزمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك رولى ..............
.................. لوجىڭخۇەن، ئىسمايىل ئوسمان (4 - سان، 18- بەت)

× × ×

ئەلىشىر ناۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ....................
.................... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (2 - سان، 43 - بەت)
ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ....................
.............................. ئابدۇرۇسۇل قادىر (2 - سان، 67 - بەت)
ئەرەب پەيلاسوپى — فارابى .................. سەي دېگۇي (4 - سان، 81- بەت)
فارابى ئەرەب پەيلاسوپىمۇ ؟ .............. زارىپ دولاتوۋ (4 - سان، 93- بەت)
مىجەز بىلەن خاراكتېرنىڭ پەرقى توغرىسىدا ... ئۆمەر ئوسمان (2 - سان، 77 - بەت)

× × ×

مەبلەغ ئوبوروتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر ..............
.................... ئابلىز ئىمىن، ئۆمەر بەكرى (1 - سان، 1 - بەت)
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى توغرىسىدا
بەزى مۇلاھىزىلەر .................. ئىسمايىل نىياز (2 - سان، 34 - بەت)
سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى تاۋار بولامدۇ ؟ ..........................
.............................. جۇمەخۇن نىياز (3 - سان، 12 - بەت)
ئەمگەك كۈچى تاۋار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ..............................
.................. ئابلىز ئىمىن، ئۆمەر بەكرى (4 - سان، 27- بەت)

مەملىكىتىمىزدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا ............
........................................ ھېكىم زۇنۇن (3 - سان، 22 - بەت)

× × ×

سوتسىيالىستىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى
توغرىسىدا ............................ قەيۇم قۇربان (2 - سان 1 - بەت)
مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ..................
.................................... جۇۋىنچىڭ (2 - سان، 12 - بەت)
پەلسەپىدىكى سەۋەپ - نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى
سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ......... ئالىم سەيپى (2 - سان، 28 - بەت)
پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالا-
ھىدىلىكى توغرىسىدا ................ تۇرسۇننىياز ساۋۇر (3 - سان 1 - بەت)
سوتسىيالىستىك قانۇن ئېڭىنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى رولى
توغرىسىدا ............................ قەيۇم قۇربان (4 - سان، 36- بەت)

× × ×

ئامېرىكىدىكى بىر قانچە مالىيە گۇرۇھى توغرىسىدا ............................
........................................ باھارگۈل ئابلىز (1 - سان، 96 - بەت)
قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ قەشقەر شەھىرى يېنىدىكى ئىككى سۇيۇرغاللىق ئورنى
ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە ......... ئابلىمىت روزى (3 - سان، 37 - بەت)
قەدىمكى شەھەر ھىرات ۋە ئۇيغۇرلار ......... غەيرەتجان ئوسمان (3 - سان، 62- بەت)
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سادىق ۋەتەنپەرۋەرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى خاتىرىلەيمىز .........
........................................ سەي جىڭسۇڭ (3 - سان 129 - بەت)
«ئوغۇز نامە» داستانىدىكى «ئۇرۇمخان» ئاتالغۇسى توغرىسىدا ......................
........................................ ئابدۇرېيىم ھېلىم (4 - سان، 47 - بەت)
قەدىمكى دۇنخۇاڭ، تۇرپان، كۇچا مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە چەت ئەللىكلەر ............
........................................ تۇرسۇن رەھمەتۇللا (4 - سان، 78 - بەت)
مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات ..............
........................................ جالالىدىن پازىل (3 - سان، 100 - بەت)
«تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئېتنوگرافىيە ......... رەۋەيدۇللا (4 - سان، 58- بەت)
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ماقال - تەمسىل ۋە ئۈگۈت -
نەسىھەتلەر.......................................... (4 - سان، 110 - بەت)

× × ×


«يازغۇچىنىڭ مىللىي تەۋەلىكى» ۋە ئاتالمىش «ئورتاق بايلىق» مەسىلىسى ھەققىدە
............ ئابدۇكېرىم رەخمان (1 - سان، 25 - بەت)
يىپەك يولىدىكى بىباھا گۆھەر — ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ............
............ ئابدۇشۈكۈر مەھەممەت ئىمىن (1 - سان، 41 - بەت)
«پوئېزىيە - سەنئەتنىڭ يوقىرى خىلى» دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ............
............ ئەزىم قاسىم (1 - سان، 50 - بەت)
«ئىز» رومانىدا ئېستېتىك پىرىنسىپلارنىڭ گەۋدىلىنىشى توغرىسىدا ............
............ شېرىپىددىن ئۆمەر (2 - سان، 91 - بەت)
مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىدا دۆلەت چېگرىسى ۋە مىللەت تەۋەلىكىدىن ھالقىغان
ئەدىب ۋە ئەسەرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە بەزى
قاراشلىرىم ............ شېرىن قۇربان (2 - سان، 105 - بەت)
شەھەر خەلقىنىڭ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە تارىخىي رولى ......
............ يۈەن جىڭۋاڭ (2 - سان، 117 - بەت)
قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر داستان- «ماناس» ............
............ تۇرغانباي قىلىچبېك (2 - سان، 129 - بەت)
ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ............
............ تۇرسۇن قۇربان (3 - سان، 31 - بەت)
لوپنۇر قوشاقچىلىقى توغرىسىدا ............ مۇيىدىن سايىت (3 - سان، 75 - بەت)
ئۇيغۇر چالغۇ - ئەسۋابلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ............
............ بايىر روزى (3 - سان، 41 - بەت)


× × ×


مەھمۇد قەشقىرى - سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى ............
............ نەسرۇللا يۇلبولدى (1 - سان، 83 - بەت)
قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇش شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۈپىتىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم يول ............ ۋۇيەن (1 - سان، 108 - بەت)
يەنە ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ...
............ ئابلىمىت روزى (1 - سان، 125 - بەت)
تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا ............ رەۋەيدۇللا (2 - سان، 135 - بەت)
مەنداش سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ستىلىستىك رولى توغرىسىدا ............
............ ئارسلان ئابدۇللا (3 - سان، 109 - بەت)

چاغاتاي تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تۈپكى ئارتۇقچىلىقى ..........................
.......................... ئابدۇرۇپ پولات (3 - سان، 123 - بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ..........
.................................. تاشپولات (4 - سان، 69 - بەت)

× × ×

ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىدىن مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى-
لىرىنى تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش مۇمكىنلىكىگە
بىر نەزەر ................................. گاۋجيەنپۇ (1 - سان، 61 - بەت)
ئىسلام دىنى تارىخىدىكى «خاۋارىجلار» گۇرۇھى ..........................
.......................... مۇھەممەد سالىھ (1 - سان، 77 - بەت)
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن شامان دىنىغا بىر نەزەر ..........................
.......................... ئابدۇكېرىم رەخمان (3 - سان، 88 - بەت)

× × ×

موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر ئالىمى تاتا تۇڭا ..........................
.................................. ۋاڭ شاۋجيەن (1 - سان، 105 - بەت)
ئۇيغۇر دېڭىزچىسى — ئىھمىش .......... ۋاڭ شاۋجيەن (1 - سان، 108 - بەت)
يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى - لۇمىڭشەن ..........................
.................................. ۋاڭ جىلەي (2 - سان، 141 - بەت)
يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىمى سەكىياقايا ...... ۋاڭ شاۋجيەن (4 - سان، 103 - بەت)
سۆيۈن ھەيدىن............ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (4 - سان، 106 - بەت)
ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرى...... ئابلىمىت روزى (4 - سان، 123 - بەت)



بۆلۈمىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ 1985-، 1986-يىللىق قاتتىق مۇقاۋىلىق توپلىمىنى
سېتىۋاتىدۇ، 1987 - يىللىق توپلىمى يېقىندا تەييار بولىدۇ. ئېھتىياجلىق ئو-
رۇن ۋە شەخسلەرنىڭ بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز. باھاسى 6 يۈەن.

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

(Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)

No.4 1987 (Total:No.32)

Contents

Adherence to the Four Cardinal Principles Is the Common Political Basis for the Unity of All the Nationalities of the Whole Country ……*Liu Guanzhang*

The Guiding Function of Marxism in the Building Up of Spiritual Civilization ……*Lu Zhenhuan* and *Simayi*

A Talk on whether Labour Force Is a Commodity ……*Abulizi Yiming* and *Wumaer Bakeli*

On the Function of Legal Consciousness in the Building Up of Legal System ……*Keyoumu Kuerban*

A Research on the word ″wurong khan″ in the ″Biography of wuguzi khan″ ……*Abudureyimu Yilimu*

″The Great Dictionary of the Turkish Language″ and Folklore……*Rewaidula*

A Talk on the Compound Consonants in Modern Uigur……*Tashifulati*

The Ancient Dunhuang, Turfan and Qiuci Cultures and Foreigners ……*Tuerxun Rehemutula*

Falabi the Arabian Philosopher……*Cai Degui*

Is Falabi an Arabian Philosopher?……*Zhaerfu*

Lianhuishanhaiya the Uigur scholar of the Yuan Dynasty……*Wang xiaojian*

Siwenheding……*Abulizi Sailami*



ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرى


شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报

(哲学，社会科学维文季刊)

(پەسىللىك ژۇرنال)

1987-يىل 4-سان

(نومۇرى 32-سان)

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى
شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن كىنىشكا نومۇرى:
CN65 - 1035/c

باھاسى: 0.50 يۈەن

ۋاكالەت نومۇرى 58-13